# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

11

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

005567
K294.5/1

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

**11**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (11)**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/32 باسما تاۋىقى: 5.625
1983 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098.126
تىراژى: 1 —— 8,000
باھاسى: 0.34 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

## مۇندەرىجە

غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدىن قىسقىچە ئەسلىمە ...................... يىن يۇخىڭ 1
زەيناۋۇدۇن تەرجىمىسى

شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە خۇشىڭ ۋە لى زوتاڭلارنىڭ ئاقسۇدىكى ھەرىكەتلىرىدىن پارچىلار .................. ليۇ جۇڭچىڭ 8
زەيناۋۇدۇن تەرجىمىسى

شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەزگىللىرىدىكى بارىكول ........................ ۋاڭ چۇەنپۇ 31
زەيناۋۇدۇن تەرجىمىسى

پارلاق يولغا بۇرۇلۇش ........................ جاڭ فىن 61
ئۇركەش ئىبراھىم تەرجىمىسى

ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى قورشىۋېلىشى ۋە ”ئالتايىسكى“ لەرگە توسۇپ زەربە بېرىشى .............................................. جۇ جيەنجىڭ 75

ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ............................................ جەن فۇشۇ 89
ئادىل ساقى تەرجىمىسى

شىڭ شىچى بىلەن چەن شۇيىڭنىڭ ئۆلۈمى ۋە باشقىلار ........................................ ليۇ يىڭلىڭ 118
ئۇركەش ئىبراھىم تەرجىمىسى
"12 - ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى" دىكى بەزى مەسىلىلەر ........................................ ليۇ يىڭلىڭ 129
ئۇركەش ئىبراھىم تەرجىمىسى
شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردىكى ئاشلىق سىياسىتى ...... ..... ئاۋياڭ ۋېنلىن 135
ئابدۇرۇسۇل ھاشىم تەرجىمىسى
"ئالتاي نەشرىياتى" ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئەسلىمە ........................................ خېۋېر تۆمۈر 163

# غەرپكە يۈرۈش قىلغان قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدىن قىسقىچە ئەسلىمە

يىن يۇخىڭ

1933 - يىلى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىلىتارىست جىن شۇرېن — جاڭ شىڭ، چېڭ جۇڭ، تاۋ مىنيۇ، لى شاۋتيەنلەر باشچىلىقىدىكى ۋە جۇڭگوغا كەلگەن ئاقلار (سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرى) قاتناشقان "12 - ئاپرېل" قوراللىق سىياسى ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇ چاغدىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، سۈيىقەستچى شىڭ شىسەي مۇغەمبەرلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربى، مەمۇرى ئالى ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. ئۇ نەق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، سوۋېت بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ "1 - ئاۋغۇست خىتابنامىسى" دا تەشەببۇس قىلىنغان "مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون

جاھانگىرلىگگە قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈپ، ياپون جاھانگىرلىگگە قارشى ئۇرۇش قىلىش" چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش نىقاۋىغا كىرىۋالدى.

”7 ـ ئىيۇل“ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئارپىسىدا غەرپكە ماڭغان قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان جياڭجيېشى ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئالدىدىن ما بۇفاڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ توساپ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كەلدى. قىزىل ئارمىيە ئەشۇنداق مۇشەققەتلىك شارائىت ئاستىدا بىر ياقتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر ياقتىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ غەربى دەرۋازىسى شىڭشىڭشاغا يېتىپ كەلدى.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي جياۋداۋتۇەن پولكىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرىنى غەربى زالغا يىغىپ نۇتۇق سۆزلەپ: ”مېنىڭ ئوتمۇشتە ئىچكىرىدە بىر قانچە قەدىناس دوستلىرىم بار ئىدى . ئۇلار ھازىر بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر ئەشۇلارنى باشلاپ كېلىش، ئەگەر يول ئۈستىدە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار بولسا، ئۇنداقلارنى يوقۇتىۋېتىشىڭلار كېرەك . بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.“ دىدى.

جياۋداۋتۇەنىنىڭ 4 ـ ئەترىتى پولك دەرىجىلىك بولسىمۇ، ئەمەلى ئادەم سىتاتى پەقەت كۈچەيتىلگەن پىيادىلەر باتالىيونىغا توغرا كېلەتتى. بىراق قورال ـ ياراق جەھەتتە، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ قىسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ئوتتۇرا ئەترەت قارمىقىدا ئۈچ پىيادە شوبە ئەتـ



رەت ۋە بىر ئېغىر پىلىموت شوبە ئەترىتى (ئىككى دانە ماكسىم پىلىموتى بار)، ھەربىر شوبە ئەترەتتە ئۈچ پىيادىلار بەنى بولۇپ، ھەر بەندە بىر دانە يېنىك پىلىموت بار ئىدى. ئۇندىن باشقا ھەر بىر شوبە ئەترەتتە ميناميوت بەندىن بىرسى بار ئىدى. ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىدە ناگان، بەنجاڭلاردا ”7 يۇلتۇز“ ماركىلىق ناگاندىن بىردىن بار ئىدى. ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكى 120 دانە يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كوپ قىسمى يېڭىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماشىنىلاردىن ئىدى. ئالاقىچىلار پەيىگە شىتاپ بويىچە ئەسلىدە رازۋېتكا ئايروپىلانىدىن 3 دانە، ئىككى دانە رادىئو بېرىلىشى كېرەك ئىدى. (ۋەزىپىسى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن ئايروپىلانمۇ، رادىئومۇ بېرىلمىگەن)، ھەر 30 كىشىگە بىردىن كىگىز ئۆي بېرىلگەن ئىدى. بۇ قوشۇن 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى توغوچى دىگەن يەرگە بېرىپ توختىدى، چۈنكى بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى قوشۇمچە ۋالىسى يولۋاس يەكەندىكى ماۇتىڭنىڭ 6 ـ دىۋىزىيىسى ۋە خوتەندىكى ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭ كوتىرىشنى قەستلەۋاتقان ئىدى. يولۋاس شەرقتىن كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىنىڭ غەرپكە مېڭىشىغىمۇ ۋە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ شىڭشىڭشاغا بېرىپ ئۇزۇن سەپەردىن كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىنى قارشى ئېلىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. جياۋداۋتۇەنىنىڭ 4 ـ چوڭ ئەترىتى توغوچىدا 5 ـ 6 كۈن ياتتى . شۇ چاغدا تۇرپان، پىچان، توخسۇندىكى قىسىملارنىڭ قوماندانى سۇڭ چىنلىننىڭ قوماندانلىقىدا تۇرپان، پىچان، توخسۇندا تۇرۇشلۇق ئاتلىق قىسىملارنى، ئۈرۈمچى بىرو-

نىڭ ماشىنا ئەترىتىنى ۋە بارىكولدە تۇرۇشلۇق نىيۇجىڭخەنىڭ
ئاتلىق پولكى قاتارلىق قىسىملارنى يوتكەپ قوْمۇلدىكى يولۋاس-
نىڭ ئايىنغان قىسىملىرىغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى. يول-
ۋاس ئادەملىرىنى ئەگەشتۇرۇپ تاققا قېچىپ بارغاندا، بارىكولدى-
كى نيۇ جىڭخەن ئاتلىق پولكىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ
قالدى. يولۋاس ئوغلى بىلەن ئازغىنە ئادەملىرىنى ئەگەشتۇرۇپ
گەنسۇغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تولىسى قورال
تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى، ئازراغى پىتىراپ قېچىپ كەتتى.
يولۋاسنىڭ توقال خوتۇنى خوتۇنتام ئېغىزىنىڭ سىرتىدا ئە-
سىرگە ئېلىندى.

يولۋاسنىڭ گەنسۇغا قېچىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن،
4 - چوڭ ئەترەت، ئىككىنچى ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى ۋاڭ يىئەن باشچىلىقىدا 30 نەچچە كىشىلىك بىر كىچىك
ئەترەتنى (بۇنىڭ ئىچىدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر نەچچە يول
باشلىغۇچى ساقچىلىرىمۇ بار) ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ خۇڭلىيۇ-
يۈەنزى، يىمىي خۇا چۈەن، تۇدۇگزى ئېغىزلىرىنى توسۇپ زەربە
بېرىشكە ئەۋەتتى. ئەترەت يول بويى توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ قارى-
سىنىمۇ كورمەي تۇدۇگزىغا بېرىپ ياتتى. تۇدۇگزى بىر كىچىك
ئوتەڭ بولۇپ ئۇ يەردە ئىككى - ئۈچ ئېغىزلىق ئوي ۋە بىر مې-
تىردىن ئېگىزرەك دەرۋازىسىز تام بار ئىدى. كېچىدە پوست قىلى-
غۇچى ئەسكەر تام ئەتراپىدا ئومۇلەپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى
سېزىپ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ۋاڭ يىئەنگە دوكلات قىلدى.
بۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئوق ئېتىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان ئىدى.
كىچىك ئەترەت تامنى دالدا قىلىپ دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنلاپ
كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتى، جەڭ بىر نەچچە سائەت كەسكىن دا-



ۋام قىلىپ، دۈشمەنلەر بىر نەچچە قېتىم ئاتاكىغا ئوتكەن بول-
سىمۇ، لېكىن قورانىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرەلمەيدۇ. ئۇرۇش تاڭ
يورىغىچە داۋام قىلىپ ئاندىن ئوق ئاۋازى ئاستا - ئاستا پە-
سىيدۇ. كىچىك ئەترەتتىكى كوپ ئادەملەر ئولۇپ ياربدار بو-
لۇپ، ئۇرۇش قىلالىغۇدەك ئاران 10 نەچچىلا ئادەم قالىدۇ.
كۈچنى توپلاپ دۈشمەننىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇدا-
پىئە قىلىش ئۈچۈن، قالغان ئادەملەرنى ئوينىڭ ئىچىگە چېكىنى-
دۇرۇپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەنلەر تامنىڭ
سىرتىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، كىچىك ئەترەتكە قاراپ: "قورال
تاپشۇرۇڭلا، سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارغا كېپىللىك قىلىمىز!" دەپ
قازاقچە توۋلايدۇ. يول باشلاپ كەلگەنلەر ئىچىدە قازاق ساق-
چىلار بار ئىدى. ئۇ توۋلىغان سوزنى مۇئاۋىن ئەترەت باشلى-
قىغا ۋە كوپچىلىككە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، كوپچىلىك مەسلىھەت-
لىشىپ، "سىرتتىكى دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئېنىق خەۋىرىمىز يوق،
قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ئوينىڭ ئىچىدە يېگى-
دەك ئاز - تولا ئاشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدىغان سۇ يوق،
يۇقۇرى رەھبەرلىك بىلەن ئالاقىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قال-
دى، ئەگەر ئۇلار ئامانلىقىمىزغا كېپىللىك قىلسا، قورالنى تاپ-
شۇرايلى" دىگەن قارارغا كېلىدۇ. قايتا - قايتا مەسلىھەت قى-
لىشقاندىن كېيىن، كىچىك ئەترەت ئۇلارغا قۇرئان تۇ-
تۇپ قەسەم قىلىڭلار، دەپ شەرت قويىدۇ. قازاق ساقچى دۈش-
مەنلەر بىلەن قايتا - قايتا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئادەم
كىرگۈزۈپ كوپچىلىك ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا
ماقۇل بولىدۇ. قەسەم قىلىنغاندىن كېيىن مىلتىق، ئوق - دورىلار-
نىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئون نەچچە ئادەم يا-

رىدارلارنى ئېلىپ قۇمۇلغا قاراپ پىيادە يولغا چىقىدۇ. (ماشىـ
نا بۇزدۇۋېتىلگەن ئىدى.) ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە ئىكـ
كىنچى ئوتتۇرا ئەترەت خوجۇلۇق باشلىغى ساۋ لىمىننى كىچىك
ئەترەتكە ئوزۇق ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قۇمۇلدىن ماـ
شىنا بىلەن تۇدۇڭزىغا ئېۋەتىدۇ. ئۇلار تۇدۇڭزىغا كېلىپ ماشىـ
نىنى توختۇتۇپ تۇۋلىسا ھىچقانداق جاۋاپ چىقمايدۇ. ماشىنىـ
نىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ قارىسا ئۇينىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياتقان
ئۆلۈكلەردىن باشقا، تىرىك ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يەردە قانـ
داق ئىش يۈز بەرگەنلىگىنىمۇ بىلەلمەي ماشىنىنى بۇراپ قۇـ
مۇلغا قاراپ قايتىدۇ. يولدا قۇمۇلغا پىيادە كېتىۋاتقان ئادەملەرـ
گە ئۇچراپ، ئۇلارنى قۇمۇلغا ئالغاچ كېتىدۇ ۋە شۇ چاغدىلا
كىچىك ئەترەتنى قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلار قازاق باندىتلار ھەم
مۇشۇ يەردىن گەنسۇغا كېتىپ بارغان يولۋاسنىڭ بىر قىسىم
قالدۇق قوشۇنلىرى ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ. يولۋاسنىڭ قا
دۇق قوشۇنلىرى تاڭ سۈزۈلگىچە گەنسۇغا قېچىپ ئۆتۈپ كېتىـ
دۇ، قورال تاپشۇر دەپ تۇۋلىغانلار قازاقلار ئىچىدىن چىققان
باندىتلار ئىكەن. شۇ چاغدا ئېلىپ كەتكەن مىلتىقلار
كېيىن قۇمۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى (قازاق) ئارقىلىق قايتۇرۇپ
ئېلىنغان.

يولۋاسنىڭ ئاسى قوشۇنلىرى يوقۇتۇلغاندىن كېيىن 4 ـ
چوڭ ئەترەت شىڭشىڭشاغا بېرىپ قىزىل ئارمىيىنى قارشى ئالـ
دى. قوشۇنلار ئاچچىققا يېتىپ بارغاندا دۇڭخۇاڭدىن توگە بىـ
لەن كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىنىڭ ياردار جەڭچىلىرىنى ئۇچـ
رىتىدۇ. ئەترەتنىڭ ھەربى دوختۇرلىرى ۋاقتىنچە ياردارلارنىڭ
جاراھەتلىرىنى تېڭىپ داۋالايدۇ. 4 ـ چوڭ ئەترەت شىڭشىڭشاغا
يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گارنىزون قوشۇنلىرى ئەتراپتىكى



تاغدا پوستتا تۇرغان قىزىل ئارمىيىنىڭ ئورنىغا پوست ئالماشـ
تۇرۇپ ئۇلارنى قايتۇرىدۇ. ئارقا سەپ تەمىنات كادىرى ئېلىپ
بارغان كىيىم ـ كىچەك، ئۇن ـ گۈرۈچ، پېچىنە، كانسىرۋا ۋە
باشقا لازىملىق بۇيۇملارنى قىزىل ئارمىيىگە تاپشۇرىدۇ، شۇنىڭـ
دەك ئوزلىرى ئولتۇرۇپ بارغان ماشىنىدىن 30 نەچچىنى ئاجرىـ
تىپ قىزىل ئارمىيىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. قىسىملار شىڭشىڭشادا 3 ـ 4
سائەتچە تۇرۇپ ئىككىنچى كۈنى قۇمۇلغا قاراپ ماڭىدۇ. قىزىل
ئارمىيە ئولتۇرغان ماشىنىلار ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. 4 ـ
چوڭ ئەترەت باشقا ۋەزىپە بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا كېتىدۇ.
شۇنداق قىلىپ قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان
ئۆزۈن سەپەر قوشۇنلىرىنى قارشى ئېلىش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك
ئورۇندىلىدۇ.

# شىنجاڭ تىپچىلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خۇشىڭ ۋە لى زوتاڭلارنىڭ ئاقسۇدىكى ھەركەتلىرىدىن پارچىلار

ليۇ جۇڭچىڭ

ئاقسۇنىڭ 30 نەچچە يىلدىن ئىلگىرىكى سىياسى ۋەزىيىتىنى ئەسلىگەندە، شۇ يىللارنىڭ سىياسى سەھنىسىدە سېسىق نامى پۇر كەتكەن خۇشىڭ بىلەن لى زوتاڭنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز. بۇ ئىككىلىسى جياڭ جيېشى جەمەتىدىن، خۋاڭپۇ ھەربى مەكتىۋى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆبىسىدە ئوقۇپ ئىلگىرى ـ ئاخىرى بىرىگادا كوماندىرى بولغان، ھەر ئىككىلىسى بىر قانچە يىللار ھوقۇق يۈرگۈزۈپ سىياسى سەھنىدە بىر مۇقامنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوخشاشمىغان سازلارنى ئىشقا سالغان كىشىلەردىن ئىدى.

## خۇشىڭ كىم؟

1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلى يازغىچە ئاقسۇدىكى تەرتىپكە سېلىنغان 65 ـ بىرىگادىنىڭ كوماندىرى بولۇپ كەلگەن خۇشىڭ،



گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى مىشەن ناھىيىسىدىن، خۋاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنىڭ 4 ـ قارارى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆبىسىنىڭ 15 ـ قارارىنى پۈتتۈرگەن. ئۆزى زىرەك ھەم مۇغەمبەر ئىدى. گەرچە ھەربى ئەمەلدار بولسىمۇ، لېكىن ھەربى، مەمۇرى، سودا، مائارىپ ساھەلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى ليۇ مىڭـ چۈن بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى. ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىنمۇ دائىم خەت، ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، ئۈرۈمچىدىكى زىياپەت، تانسىلارغا قاتنىشاتتى. كورۇنۇشتە ئويۇن ـ تاماشىچىـ دەك كورۇنسىمۇ، لېكىن كوڭلىدە باشقىچە چوت سوقاتتى. مۇـ شۇنداق قىلغاندا، ئادەتتىكى ئوتتۇرا ـ يۇقۇرى قاتلام ئەربابلىرىنى ئوزىگە جەلپ قىلىپ، كېيىن شىنجاڭدا ئوز ئوقتىنى ماڭغۇـ زۇشقا پۇختا ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭـ دەك ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسىرلىرى بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈپ، ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ شەخسى تىجارەت قىلىپ، تېز باي بولۇشنى كوزلەيتتى. بۇنى ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقۇش بولاتتى،

خۇشىڭ كوزۇتۇشكە ماھىر بولۇپ، ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ياخشى كورۇنۇپ ئاز ـ تولا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ياخـ شىلىق قىلالايتتى، نام، مەنپەئەت كورسىتىپ ئوزىگە جەلپ قىلىش — ئۇنىڭ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى ئىدى. ئۇز قول ئاستىدىـ كىلەرگە دائىم ئالاھىدە خىراجەت (شەكلى ئوزگەرگەن پۇل سوغا قىلىش) تارقىتىپ تۇراتتى. توغرا كەلگەن سورۇنلاردا مەرتلىك قىلىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ياخشى كورۇنۇش قىلاتـ تى، شۇڭلاشقا، گومىنداڭ قىسىملىرى ئىچىدە دائىم پىكرى

ئوچۇق گېنېرال سۇپىتىدە ئورۇن ئالاتتى. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئىككىنچى قېتىم ھەمكارلاشقان مەزگىلدە خۇزۇڭنەن ئۇنى ئالاقىچى ئەمەلدار نامى بىلەن يەنئەنگە ئېۋەتكەن ئىدى. خۇشىڭ شىئەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، 8 - ئارمىيە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىدىن توپلىغان ئاخباراتلارنى باندىت خۇزۇڭنەنگە دوكلات قىلىپ، چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 8 - ئۇرۇش رايونى مۇئاۋىن ئۇرۇش قۇماندانلىق شتاۋىدىكى ئالاھىدە پولكقا گېنېرال مايور دەرىجىلىك پولك كوماندىرى قىلىپ ئوستۈرۈلگەن ئىدى. باش ۋەزىر ئائىلىسىدىكىلەر ئاران ھاكىملىق ئەمەلگە ئىگە بولغان يەردە، شۇ دەۋردە "غەربىي شىمالنىڭ خانى" دەپ نام ئالغان خۇزۇڭنەن قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى بولۇۋېلىش قالتىس ئىش ئىدى! شۇڭا ئۇ پولك كوماندىرى بولسىمۇ، ئابرويى ئارمىيە، دىۋىزىيە قۇماندانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۇقۇرى بولۇپ، شىئەن شەھرىدە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئىدى.

خۇشىڭنىڭ تاماسى چوڭ ئىدى. پولكوۋنىك ئۇنۋان ئۇنىڭ ئارزۇسىنى زادىلا قاندۇرالمايتتى، ئوزىنىڭ شىرىن ئارزۇلىرىغا يېتىشكە مۇۋاپىق پەيت بولمايۋاتقانلىقى ئۇنى قىينايتتى. دەل شۇ چاغدا، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلاپ، گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي يوقۇتۇلدى. ئۇزۇن زاماندىن بېرى شىنجاڭغا قول ئۇزارتىپ بۇ جايدا ئوز كۆچىنى كوپەيتىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن خۇزۇڭنەن بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قوياتتىمۇ؟!

خۇشىڭ قولدىن كەلسىلا يۇقۇرىغا يامىشاتتى. 1945 - يىلى ئەتىيازدا 7 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. (بۇ دىۋىزىيە كېيىن تەرتىپكە سېلىنىپ 65 - بىرىگادا



بولغان ئىدى). خۇشىڭ ھەربىي قىسىملارنى ئوز چاڭگىلىدا تۇتۇش مەخسىتىدە، سابىق شىئەن پەۋقۇلئاددە پولك بىلەن 97 - دىۋىزىيە قىسىملىرىدىن تاياپچىلارنى تاللاپ، مەنسەپ ۋە يۇقۇرى تەمىنات بېرىمەن دەپ ئالداپ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلمەك بولدۇ ۋە تېزدىن ئىككى پولك (19 - پولك ۋە 21 - پولك) تۈزۈپ بەنجاڭدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنى شىئەن - لەنجۇ تاشيولى بويلاپ ئېلىپ ماڭدۇ ۋە يول بويى شەرقىي گەنسۇ دىۋىزىيىسى قارمىقىدىكى رايونلاردىن يىڭى ئەسكەر ئېلىنىپ، يول بويى تەرتىپكە سېلىپ ھەربىي تەربىيە يۈرگۈزۈدۇ. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇچۇەنگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋەزىيەتنى ئوڭلىماقچى بولدۇ.

خۇشىڭ ئەمەلدارلار سەھنىسىدىكى پىششقەدەملەردىن دىگۈچىلىگى بار ئىدى. ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنىڭ خىلمۇ - خىل تاكتىكىلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ كېچىكتۈرۈش، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇش، قوزغالماي تۇرۇۋېلىش ھىلىسىنى ئىشقا سېلىپ، قىرغاقتا تۇرۇپ قارشى تەرەپنى كۆزۈتۈش ئۇسۇلى بىلەن شىئەندىن جۇچۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يىلدىن ئارتۇغراق ۋاقىتنى ئوتكۆزدى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا 21 - پولكنى نائىلاج جىڭ ناھىيە ئالدىنقى سېپىگە ئېۋەتتى. (مەغلۇپ بولۇپ قايتتى). 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 19 - پولكى ئاران شىڭشىڭشاغا يېتىپ كېلىپ، يىل ئاخىرىسىدا لومەنچىك ۋە تۇدۇڭخاباغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ چاغدا گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئوتكۆزگەن تېچلىق [illegible] قارىنىپ، ئۇرۇش ئوتى توختىغان ئىدى.

مانا مۇشۇنداق خەۋپ ـ خەتەرلىك پەيتلەردە ئۆز كۆچىنى ساقلاپ
قالالىغىنى ئۈچۈن، خۇشىڭ ئەلۋەتتە ئىچىدە خوش بولۇپ
چاۋاك چالاتتى.

سىياسى قارا نىيەتچى خۇشىڭ باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا
ياشاشنى خالىمايتتى. كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۆز ئالدىغا بىر باي-
راق كوتۇرۇپ چىقىشنى دائىم ئىپسىدىن چىقارمايتتى. ئۆرۈمچە-
دىكى يۇقۇرى تەبەقىلەر ئىچىدە ئۇ يەنىلا مەنسۇۋى تۆۋەن كىچىك
خىزمەتكارلار تەۋەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزىنى كورسىتىشكە
پۇرسەت تاپالمايتتى. كىشىلەرنىڭ كوزىنى چاقنىتىپ، تۇرمۇشتا
ھەشەمەتلىك كورۈنۈش ئۈچۈن، ھەر كۈنى تانسىچى ئاياللار ئىچىدە
يۈرەتتى. قىمارخانىلاردا ۋە زىياپەت ـ مېھماندارچىلىق سورۇن-
لىرىغا باراتتى. 46 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىغا كەلگەندە 42 ـ ئار-
مىيە ( تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى 42 ـ دىۋىزىيە )
ئاقسۇدىن قەشقەرغە يوتكۈلۈپ، ئاقسۇغا پۈتۈنلەي
7 ـ دىۋىزىيە مەسئۇل بولغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئالدىراپ ـ تىنەپ
ئۆرۈمچىدىن ئاقسۇغا بېرىپ، سىياسى ھاياتىنى باشلاپ ئومۇرلۇك
ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

خۇشىڭ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن بىرىنچى قوللانغان ھى-
لىسى "يەرگە توكۈلگەن سىماپنىڭ كىرمەيدىغان توشۇگى يوق"
دىگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قوماندانلىق
شتاۋىنىڭ قوماندانى دىگەن نامدىن پايدىلىنىپ جەمىيەتكە قارىتا
خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ "ئامانلىقنى قوغداش، غەيرى نىيەت-
لىك ئۇنسۇرلارنى يوقۇتۇش" دىگەن ۋۇۋىسكىنى تىكلىدى. بۇ-
نىڭغا مۇئاۋىن بىرىگادا كوماندىرى لى زوتاڭ گۇرۇپپا باشلىغى،
2 ـ سەنمۇ گۇرۇپپىسىنىڭ مايورى خې شۇۋچۇەن، جۇيۇيخاۋلار
كەسپى ئىشلارغا مەسئول بولۇپ، ھەر قايسى ساھەلەر ۋە ئور-



گانلاردىكى كىچىك گۇرۇپپىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلاتتى. شۇ
چاغدىكى ئاقسۇنىڭ ئەڭ يۇقۇرى مەمۇرى ئورگىنى بولغان ۋالى
مەھكىمىسىمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالالمىدى. شۇ چاغدىكى گۇرۇپپا
باشلىغى خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىغى لى دۇڭ فەن،
(گۇيجۇلۇق، مياۋزۇ مىللىتىدىن، ھەربى مەكتەپنىڭ 14 ـ قا-
رارىنى پۈتتۈرۈپ 10 ـ پولكتا باتالىيون كوماندىرى بولغاندىن
كېيىن، خۇشىڭنىڭ كورسىتىشى بىلەن ۋالى مەھكىمىگە كىرگەن)
2 ـ گۇرۇپپىنىڭ سەنمۇسى ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى گۇرۇپپىلار
بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ، ئاخبارات توپلاپ، خۇشىڭغا بى-
ۋاستە دوكلات قىلاتتى. خۇشىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە
بولغاندىن كېيىن قاتلاممۇ ـ قاتلام قاتتىق كونترول قىلىپ،
پوپوزا قىلىش، ئالداش، تەھدىت سېلىش ۋە جازالاش سىيا-
ستىنى قوللىناتتى. خۇشىڭ ئاقسۇنىڭ سىياسى ئىشلىرىنى ئوز
چاڭگىلىدا تۇتۇش ئۈچۈن، ۋالى مەھكىمىسىنى بىر چەتكە قايرىپ
قويۇپ، پات ـ پات چەت ناھىيىلەرنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقى-
راتتى. ناھىيە ھاكىملىرى، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ باشلىقلىرى،
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات، بانكا،
پوچتا ـ تېلېگىراپ ئىدارىسى قاتارلىقلارنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ
يىغىنغا قاتنىشاتتى. يىغىندىن كېيىن مېھمانغا چاقىرىش، زىياپەت
بېرىش، ئايرىم سوھبەتلىشىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئىشىك ئالدى خۇددى بازاردەك
ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئىشىنىڭ تىگى ـ تەكتىنى بىلىۋالغاندىن
كېيىن قاتتىق ـ يۇمشاق تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، ئىتائەت
قىلغۇچىلارنى قالدۇرۇپ، باشقا نىيەتتە بولغانلارنى يوتكىۋەتتى.
كەلپىن ناھىيىسىنىڭ پىرقە باشلىغى جاۋشۇجەي يوتكەشكە بوي-
سۇنمىغانلىغى ئۈچۈن، دەرھال ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇ،

تۇخۇ بوغۇزلاپ، مايمۇننى قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بەزلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، بەزلىرىگە زەربە بېرىپ، قاتتىق-يۇمشاق تەدبىرلەرنى تەڭ ئىشقا سالدى. كىچىك ئەمەلدارلاردىن قايسىبىرى ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ دەيسىز؟ شۇڭا ئۇلار كېيىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ھەيدەپ خۇشىڭغا خوشامەت قىلىپ، تەخسە كوتەردى. قول كوتۇرۇپ تەسلىم بولۇپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن سىياسى ئەسىرلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ پىرقە ئىشلىرىغا كەلسەك، قوساق باقىدىغان قۇرۇق سىياسى ۋىۋىسكا ھىساپلانسىمۇ، لېكىن بۇنى تۇتماي بولمايتتى. خۇشىڭ سابىق ئاقسۇ شوبە تەلىم-تەربىيە ئۇمىگىنىڭ ئىلمى مۇدىرى باۋدىيەنخۇانى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ئۇنى ئۇلكىلىك گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى قىلىپ بېكىتىشكە كورسەتتى ۋە باش شتاپ بولۇمىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك ئالى مەسلىھەتچىسى دىگەن ئۇنۋانىنى بەردى. نەتىجىدە، باۋدىيەنخۇانىڭ ئاقسۇدىكى ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، خۇشىڭ كىشىلەر راينى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ پىرقە ئىشلىرىنى كونترول قىلىشقا زىمىن ھازىرلىدى.

يەرلىك قوراللىق قىسىملارنى كونترول قىلىشنى خۇشىڭ ھەممىدىنمۇ چىڭ تۇتتى. ناھىيىلەرنىڭ ساقچى ئىدارىلىرى ۋە ئۇچتۇرپان چېگرا ئوتتۇرا ئەترىدىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بىۋاستە چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغاندىن سىرت مەسلىھەتچىلەر شتاۋىنىڭ 2-گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان جاسۇسلۇق ئەترىتىنى (دۇڭ پەمىلىلىك پاروتچىك مەسلىھەتچى رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇ كىشى خەنزۇ-رۇس قانلىق پىررونكا ئىدى) ئىشقا



سېلىپ تازىلاش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن چىققان ئاسىلار ۋە لۈكچەكلەرگە ئاز-تولا نەپ بېرىپ جەمىيەتكە خىزمەت قىلىش نىقاۋى ئاستىدا جەمىيەت ئەھۋالىدىن كوز-قۇلاق بولۇپ تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى قولغا ئالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاغلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىسى ئەكبەرنى ئەشۇنداق قولغا ئېلىپ بىر قانچە يىل قامىدى.

ھەربى، سىياسى، پىرقەدىن ئىبارەت 3 لىنىيە ئارقىلىق جەمىيەت ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلايدىغان ئاخبارات تورلىرىنى ھەممىلا يەرگە يېيىپ، پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى خۇشىڭ تامامەن ئۆز كونتروللىغىدا تۇتالايدىغان قىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كىچىك ئەمەلدارلار ئۆز ئەمىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خوشامەت قىلىپ تەخسە كوتۈرۈشنى دەستەك قىلىشىۋالدى. “كىم ئەمچەك سالسا ئاناڭ شۇ” دىگەندەك، ماختاپ ئۇچۇرۇپ خوشامەتكۈيلۈك قىلىش، مېھمانغا چاقىرىپ سوغا تەقدىم قىلىش ئىشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى.

ئاقسۇنىڭ خەنزۇ ۋالىسى ليۇمىڭگاڭ خۇشىڭ بىلەن باراۋەر ئورۇندا بولۇپ، ھوقۇق تەسىرىمۇ تەڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشىڭ ئۇنى كوزىگە قادالغان مىخ ھىساپلاپ كوزىدىن يوقۇتۇش كويىغا چۈشتى. بۇ سىياسى رەقىبىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن، خۇشىڭ ”دېموكراتىيە“ دىگەن ساختا شوئارنى كوتۈرۈپ، بىردىنلا خەلققە غەمخورلۇق قىلغۇچى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ قوي كاللىسى ئېسىپ قويۇپ ئىت گوشى ساتىدىغان بۇ ساختىپەزلىگىنىڭ سىرىنى ھوشى بار ئادەملەرنىڭ كورۇۋېلىشى ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ تېچلىق بىتىم ۋاقتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دېموكراتىك ھوقۇق بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئىدى.

خۇشنىڭ مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ "دېموكراتىك سايلام"نى تەشەببۇس قىلدى. ناھىيىلەرنىڭ مەسلىھەت كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە كېڭەش باشلىقلىرىنى سايلاشتا، ئالدىن ئالا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، يېڭى باشلانغاندا ئۆزى بەلگىلىگەن نامزاتلارنى ئۆتتۈرىۋالغا قويدى. بىر مەيدان قونچاق ئويۇنى خۇددى راستىكىدەكلا ناھايىتى چوڭ داغ-دۇغا بىلەن باشلاندى.

قېرىپ ئالجىغان كۇچارلىق سېيىت ئەھمەت خوجا دىنى جەھەتتە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە، ھەقىقەتەنمۇ ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز دۆت ۋە سولەتۋاز ئادەم ئىدى. تۇرمۇشتا چىرىك، ئۆز سولتىنىگە مەغرۇر بۇ ئادەم قورچاق ۋالىي بولسا راسا باپ كېلەتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ تاماسى بار ئىدى. خۇشىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېڭى ھۈنەر چىقىرىپ، بىر ئادەمدىن ئىككى بىسلىق پايدىلانسا، بۇ قالتىس كۆكۈللۈك ئىش بولاتتى!

## شەرققە ھەيۋە قىلىپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىش، بالا كەلگەندە قۇيرۇقنى تىكىۋېتىش

خۇشىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاقسۇدا ھەشەمەتلىك ئورۇندىلار بولمىسىمۇ، يەرلىك خاقانلارغا خاس ئالاھىدە پۇراق بار ئىدى. دائىم ياخشى گەپ ئاڭلاپ خوشۋاق تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئۆزى مەمنۇن ئىدى. بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. مەملىكەت بويىچە ئازاتلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتى كەسكىن ئۆزگىرىپ، قۇدرەتلىك خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمۇ ئىستىراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئەندى ھۇجۇمغا ئۆتكەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان ئىدى. بېيجىڭ، تيەنجىنلەر ئازات قىلىنىپ، ليوكەن بىڭتۇەنلىرى پۈتۈنلەي يوقۇتۇلغان، خۇەيخەي ئاساسىي قوشۇنلىرى بىت - چىت بولغان ئىدى ...... جياڭ جيېشى خاندانلىقىنىڭ گۇمران بولۇش ئالدىدىكى ئۆلۈم سىگنالى ھەممىلا جايدا جاراڭلىغان ئىدى.

شىئەن ئازات بولغاندىن كېيىن، غەربىي شىمالنىڭ ۋەزىيىتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. لەنجۇمۇ ھۆررا - چۇقان ساداسى ئاستىدا قالدى. ئاز كۈن ئۆتمەي ئازات قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. خۇشىڭ كۈندە شىنخۇاشې بىلەن جۇڭياڭشېنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ سىيلىشتۇرۇپ، ئومۇمىي ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. يۈرىكى ئۆتتەك كۆيۈپ يانسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن سەزدۈرمەيتتى، خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ دەسلىۋىدە، خۇاڭ بەي تاۋ بىڭتۇەنى يوقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: "بۇ شاخماتتا بىر ئۇرۇق خاتا مېڭىلدى، ئەندى جەزمەن ئۇتتۇرۇپ قويىمىز" دەپ ئۇمىتسىزلەنگەن ئىدى.

گېنېرال تاۋسىيۇې پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئارمىيە، خەلقنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مەقسىتىدە، قارا شەھەردە بىرىگادا باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىنى مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. خۇشىڭ قېچىپ كېتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۇقان - سۈرەن كوتۇرۇپ قېچىشقا شارائىت ھازىرلىدى. يىغىندىن كېيىن، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئەمدى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا شەرققە ھەيۋە قىلىپ،

غەرپكە ھۇجۇم قىلىش يولى بىلەن ئۇز جېنىنى ئېلىپ قېچىش ھىلىسىنى قىلدى. ئاقسۇغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرىگادا قوماندانلىق شتاۋىدىكى كەسپى خادىملارغا كوزدىن كوچۇرۇش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ كوچاردا بۇيرۇق كۇتۇپ تۇرۇشنى، ئۇزى باش بولۇپ، ھەربى تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى كوزدىن كوچۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قارا شەھەر يىغىنى توغرىسىدا قول ئاستىدىكىلەرگە ھېچنەرسە دېمىگەنلىگى ئۇچۇن، كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالدى. ئۇرۇش مەشقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك دەپ جار سالدى. ئۇ يەنە كورۇنۇشتە ھېچنەرسە بولمىغاندەك قىياپەتتە ساختىلىق بىلەن، ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ تولىسىنى ھىلىگەرلىك قىلتىغىغا چۇشۇرىۋالدى.

ئاقسۇغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتاۋىدىكى ئۇزى ئىشەنمەيدىغان خادىملارنىڭ ھەممىسىنى كوزدىن كوچۇرۇش گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىغى گاۋرۇڭ گۇاڭ يېتەكچىلىگىدە ئۇچتۇرپاندىكى 193 - پولك بىرىنچى باتالىيون تۇرغان جايغا ھەربى تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى كوزدىن كوچۇرۇشكە ماڭدۇردى. مەنمۇ شۇ تىزىمدىكىلەر قاتارىدا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۇچتۇرپانغا بارغان ئىدىم. گومىنداڭنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋىرى بار خوشىڭ، يوشۇرۇنچە قويرۇقنى خادا قىلغان ياخشى، ئەسكەرنىڭ ئېسىيلىقى چاققانلىقتا، كېچىككەنسىرى ئوزگىرىش يۇز بېرىشى مۇمكىن دەپ ھېساپلاپ، ئاقسۇنىڭ بوش قالغان مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ يۇك - تاقلىرىنى تېڭىپ، كوپلىگەن ئالتۇن ۋە نەق پۇللارنى ئېلىپ ئىچكىرىگە قاچتى. قۇمۇل ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىن شاڭگاڭغا چىقىپ كەتتى.



## ئاقسۇنىڭ قىيىنغا توختىغان ھەقىقەتكە قايتىشى

لى زوتاڭ گەرچە "خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنى، قورۇقلۇق ئارمىيە داشۆيىسىنى پۇتتۇرگەن جىجياڭلىق" دېيىلگەن مۇنتىزىم سىستېمىغا مەنسۇپ كىشى بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇشنى بىلمەيدىغان تەرسا ئادەم بولغانلىقى ئۇچۇن، مەنسەپتە ئوڭۇشلۇق كوتۇرۇلەلمەي كەلگەن ئىدى. خوشىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ كوتۇرۇلۇشكە پۇرسەت تېپىلدى. بۇنىڭدىن ئۇ چەكسىز خۇرسەن ئىدى. ئۇ خۇزۇڭنەنگە تېلېگىراممىا يوللاپ "مەنسۇۋىمنى كوتەرگەن ھىممىتىڭىز ئۇچۇن تەشەككۇر بىلدۇرىمەن. ھىممىتىڭىزگە سادىق بولۇپ قۇلدەك خىزمەت قىلىپ جاۋاپ قايتۇرىمەن" دېگەن قائىدە - يوسۇنلارنى بېجىرگەندىن باشقا، يەنە خوشىڭنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاقسۇدىكى ھەربى، خەلقلەرگە ھوكۇمرانلىقىنى يۇرگۇزۇپ، ئاسانىراق يۇقۇرىغا ئورلەشنىڭ كويىغا چۇشتى.

بۇ چاغلاردا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تاغنى تالقان قىلغۇدەك غەيرەت بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى قاپلاپ غەلبىنى سېرى ئالغا باسماقتا ئىدى. لى زوتاڭ ئانچە سەزگۇر ئادەم بولمىغاچقا، كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى، ئەكسىچە قولغا كىرگەن ھوقۇق تەسىرىدىن مەس بولۇپ كەتتى. پۇتۇن مەملىكەت خەلقىنىڭ "ئاچارچىلىقتا، زىيانكەشلىككە، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش" ھەركىتى ئارقا - ئارقىدىن كوتۇرۇلۇپ ئەۋج ئالماقتا ئىدى. لېكىن ئۇرۇش ئوتى شىنجاڭغا تېخى يېتىپ كەلمىگەن، ئاقسۇ بولسا تاڭ قاراڭغۇلىغىدا تۇرغان بولۇپ، چىرىك كونا ھاكىمىيەت بىر مەھەل

يەر دەسسەپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ چاغدىكى تەرتىپكە سېلىنغان 65 ـ بىرىگادىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇداپىئە كورۇش ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: 194 ـ پولكنىڭ كوماندىرى لى يۇجۇڭ تۇرپان، پىچان، توخسۇن دائىرىسىنى مۇداپىئە قىلاتتى. ئاتلىق پولك كوماندىرى ليۇچېڭشۇي، پولكنىڭ ئاساسى كۈچى (بىرىگادىنىڭ زەمبىرەكچىلەر ليەنى بۇنىڭ ئىچىدە) كۇچاردا تۇرۇپ شىخا ۋە شايار ناھىيىلىرىنى قوغدايتتى. 193 ـ پولكنىڭ كوماندىرى گۇڭ مىڭجىننىڭ پولك شىتاۋى باي ناھىيىسىدە تۇراتتى. پولكقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار ۋە 2 ـ باتالىيون قىزىل بىلەن قارا يۇلغۇن تاشيولى بويىدىكى مۇھىم ھەربى ئورۇنلاردا تۇراتتى. 3 ـ باتالىيون ئاقسۇ بىلەن كونا شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان (باتالىيون كوماندىرى لى خەن رۇن) 1 ـ باتالىيون ئۈچتۇرپاندا (باتالىيون كوماندىرى چىن زىچىڭ)، تۇرۇپ ئۈچتۇرپاندىكى چېگرا قوغداش ئوتتۇرا ئەترىتىگە ياردەملىشىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرا لىنىيىسىنى ساقلايتتى. لى زوتاڭ ئۇ چاغلاردا مۇداپىئە ئىشىدا بىرەر سەۋەنلىك ئوتۇپ قالمىسىلا، كەلگۈسىدە بىخەتەرلىك ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرالايمىز دەپ ھىساپلايتتى.

”جياڭ جيېشىنىڭ ئالۋاڭ ـ سېلىغى تۈمەن مىڭ خىل“ دىگەن ئاھ ـ زارلار ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئالۋاڭ سېلىغىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىغىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئازاتلىققا بولغان تەشنالىق ــ خەلق ئارزۇ قىلىدىغان كۈرەش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 26 ـ ئاۋغۇست كۈنى لەنجۇ ئازات قىلىنىپ، ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي پارچىلاندى. ئازاتلىق ئارمىيە تېز ئىلگىرلەپ شىنىڭ ۋە خېشى كارىدورىنى ئىشغال قىلدى. چوڭ قوشۇن شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىنلاپ



كەلگەن بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. گېنېرال تاۋ سىيۇي توسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلاپ 25 ـ سىنتەبىردە تېلېگىراممىا يوللاپ تېچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغىنى جاكالىدى.

ھەر ئىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولىدۇ. ئالدىن ھازىرلىق قىلىپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان چاغدا ۋە شۇندىن كېيىن چەت چېگرا رايونىدىكى جەڭچى ـ ئوپىتسېرلار گومىنداڭنىڭ ئالدامچىلىق ساختا تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن تېخى ئۇچراشمىغان بىر پەيتتە بەزەن خاتا سوزلەرنى قىلىپ ياكى خاتا ئىشلارنى ئىشلەپ قويدى. بۇ ھەركىم ئوزى قىلغان ئىش بولسىمۇ، بىراق ئىجتىمائى سەۋەپىمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ناچار ئاقىۋەتلەر ھەقىقەتكە قايتقان قىسمەن جەڭچى ـ ئوپىتسېرلارنى ھەقىقەتەن قىيناپ قويدى.

لى زوتاڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاقسۇدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ باش ئەمەلدارلىرىنى، قوماندانلىق شىتاۋىنىڭ بولۇم مۇدىرلىرىنى دوكلات قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار تېلېفون ئالغاندىن كېيىن، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ باش قوشۇپ دوكلات قىلىدىغان ئىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. كۈتمىگەن يەردىن مۇنداق چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ، ئىشنىڭ باشقىدىن باشلىنىشىنى كىم بىلسۇن! يىغىن قوماندانلىق شىتاۋىنىڭ ئىشخانىسىدا ئوتكۈزۈلدى. يىغىنغا: مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىغى گاۋرۇڭگۇاڭ، 193 ـ پولكنىڭ كوماندىرى گۇڭ مىڭجىن، 194 ـ پولكنىڭ ئورۇنباسار كوماندىرى لىن جىنچەن، 193 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ

كوماندىرى لى خەنرۇن، باش سەنمۇ چېن شۇ خۇڭ، مۇئاۋىن
مۇدىر ليۇ جۇڭچىڭ، 2 - بولۇمنىڭ مەسئۇلى مايور سەنمۇ جو-
يۇجى، فۇگوەن مۇدىر چېن زىچىڭ، قورال - ياراق مۇدىرى باۋ-
جۇڭلىڭ، ھەربى لاۋازىمات مۇدىرى جۇجيا شاڭ، ھەربى
دوختۇر مۇدىرى جاۋ يۈگىن، ئېغىر - يېنىك قورال باتالىيون
كوماندىرى خې شۇچۇەن قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا لى زوتاڭ
رىياسەتچىلىك قىلدى. تېلېگىراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ، يىغلاپ
تۇرۇپ ئېلان قىلدى. ياش ئۇنىڭ كوزىدىن يامغۇردەك توكۇ-
لەتتى. لى زوتاڭ ھەددىدىن زىيادە بىئارام بولۇپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن، يىغىننى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىملاجى بولماي، گاۋرۇڭگۇاڭ
يىغىننىڭ ۋاقىتىنچە توختىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چۈشتىن
كېيىن يىغىننى داۋاملاشتۇرغان چاغدا، لى زوتاڭ: "تاۋ سيۇي
پىرقە - دولەتكە ئاسىيلىق قىلدى. قانداق قىلىمىز؟" دەپ دەرھال
كوپچىلىكتىن پىكىر سورىدى. تۇيۇقسىز يەتكۈزۈلگەن بۇ پەۋقۇل-
ئاددە خەۋەردىن كوپچىلىك دەرھال بىر نىمە دېيىشكە ئۈلگۈرمە-
گەن ئىدى، ئېغىز ئېچىپ ھاڭۋېقىپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى.
بىر دەملىك جىم - جىتلىقتىن كېيىن، ئۇرۇش قىلىش، قېچىپ
كېتىش، تېچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىش مەزمۇنىدا 3 خىل
ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر تەرەپ - تەرەپتىن قويۇلۇشقا باش-
لىدى. لىن جىنچەن قاتارلىقلار: "نەچچە مىليون ئارمىيە تار-
مار بوپكەتكەن تۇرسا، بىز بۇ بىر نەچچە ئادەم ئۇرۇش قىلىمىز
دېسەك، خۇددى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئوزىمىزنى ھالاك
قىلمايمىزمۇ؟" دېدى. شۇ ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىشقا قارشى
تۇردىمىز، ئۇرۇشساقمۇ نەتىجە قازىنالمايمىز - دېمەكچى بولدى.
چېن شۇ خۇڭ: "كوممۇنىستىك پارتىيىسى كەلسە، ھەممىمىز تىرىك



قالمىغىدەكمىز، ھىندىستانغا قاچايلى!" دېدى. خې شۇچۇەن
خەرىتىنى كورسىتىپ: "قارا قۇرۇم تېغى ئېگىز، يولى خەتەرلىك،
ھاۋا - سۇ يوق، پەقەت قوتاز مىنىپلا ئوتكىلى بولىدۇ. بىزنىڭ
خوتۇن - بالا چاقىلىرىمىز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلىمىز يوق
قانداق ماڭىمىز؟ ماڭساقمۇ قېچىپ كېتەلمەيمىز." دېدى. كوپچى-
لىك ئاخىرى ھەققەتكە قايتىش يولىغا ماڭايلى، شەخسى ئىشلى-
رىمىزغا كەلسەك خۇدانىڭ بۇيرىغىنىنى كورەرمىز دېيىشتى.
لى زوتاڭ بىلەن گاۋرۇڭگۇاڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا
ئىختىلاپ بار ئىدى. شۇڭا يىغىندا بىر - بىرسىنىڭ زىتىغا
سوز قىلىپ بىر - بىرىگە يول قويغىلى ئۇنىمىدى. ئەھۋال مۇشۇ
دەرىجىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن نىمە قىلارىنى
بىلمەي، بۇ تارىخى خاراكتېرلىك يىغىن نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.

يې چىڭ، لۇشۇرېن، ماچىڭشياڭ، جۇڭ زوبىن، ليۇخەندۇڭ
قاتارلىق ھەربى، مەمۇرى باشلىقلار 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاق-
سۇغا يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە بىر مەھەل جىمىپ قالغان ساس-
لىقنىڭ ئولۇك سۇيىنى ئۇلار كېلىپ قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، تىنىپ
قالغان ئەخلەت - چاۋالارنى يەنە لەيلەتتى.

لى زوتاڭ ئوزى كونا ھوكۇمرانلىققا قارىتا ئەخمەقلەرچە
پىئوداللىق ساداقىتىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئىدى. ئەزەلدىن
گومىنداڭنىڭ تەشۋىق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ كومپارتىيىنىڭ
ئەملى سىياسىتىنى تېخى كورۇپ باقمىغان لى زوتاڭنىڭ بۇنداق
قىلىشىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. لېكىن چوڭ ۋەزىيەت تەقەززاسى،
كىشىلەر رايىنىڭ بىر ياققا يۈزلەنگەن ئەھۋالى ئاستىدىمۇ ئۇنىڭ
ئىدىيىسىدە مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرىدىغان زىددىيەت شەكىللەندى.
ئۇ، ھېچ ئامال تاپالماي تۇرغان پەيتتە جېنىدىن تويغان بىر
تۇركۇم ھاماقەتلەرنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشى سەكراتتا ياتقان

كىشلەرگە ئاز - تولا ئۈمىت بېغىشلىدى.

يېڭچىڭ، لوشۇرىنلارنىڭ ماشىنىسى ئاقسۇغا يېتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، بىرىگادا قوماندانلىق شىتاۋىدىكى لى زوتاڭنىڭ
باغچىسىغا چۈشتى. مۇھاپىزەتچىلەر قاتمۇ-قات ئورۇنلاشتۇرۇلغان،
خۇددى چوڭ دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتقاندەك، ھەر قەدەمدە بىردىن
پوست قويۇلغان ئىدى، لى زوتاڭنىڭ ئەسلىدىكى مۇھاپىزەتچى-
لىرىدىن باشقا، ماچىڭشياڭ ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن مۇھاپىزەت-
چىلەرنىمۇ قوشلاپ پوست قويۇپ، قورا ئىچىگە ھېچكىمنى كىر-
گۈزمەيدىغان، ئىنىسجىنىمۇ ئۆتەلمەيدىغان قىلىۋەتتى.

بىر داۋالغۇش بېسىلماي تۇرۇپلا يەنە بىر داۋالغۇش پەيدا
بولدى. لى زوتاڭنىڭ ئۆزىدىن نېرى كەتمەيدىغان مۇھاپىزەتچىسى
رىن گولياڭ (شىمالى شەنشى يەنئەنلىك) نىڭ ئەسلىدە يېڭ-
چىڭدىن ئالىدىغان كونا ئۆچمەنلىكى بولۇپ، پەيت تاپالماي
يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ پەيتتە يېڭچىڭنى ئۆلتۈرۈش كويىغا
چۈشكەن ئىدى. دەسلەپتە چاي ئېلىپ كىرگەن پەيتتە گىرانات
تاشلىماقچى بولدى. مۇنداق قىلسام ئۆزەممۇ بىللە ئۆلىمەن،
باشقىلارمۇ يارىدار بولىدۇ، دەپ تەشۋىشلەندى. 9 - ئاينىڭ
29 - كۈنى چۈشتە يېڭچىڭ ھاجەتخانىغا چىققان پەيتتە ئۇنىڭغا
ئوق چىقاردى. بىراق ياخشى قارىغا ئېلىنمىغانلىقتىن ئوق تەگ-
مەي قالدى. قاتتىق چۆچىگەن يېڭچىڭ ئىشتىنىنى كۆتەرگەن
پېتى لى زوتاڭنىڭ ياتىقىغا قاراپ قاچتى. ئىككىنچى پاي ئوق
ئېتىلغاندا ئۇ قېچىپ تامنىڭ دوخمۇشىغا بېرىۋالغان ئىدى.
ئارىلىق يىراغراق ھەم ھولۇقۇپ ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە
تېگىپ، گېنېرال لىېيتېنانتلىق پاگونلىرىنى ئاسمانغا ئۇچۇرتىۋەتتى،
بىراق ئېغىر يارىلانمىدى. كوپچىلىك پات - پاراخلىشىپ كەت-



كەن پەيتتە رىن گولياڭ سېپىلدىن ئارتىلىپ قېچىپ قۇتۇلدى.
لى زوتاڭ قاتىلنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ،
لېكىن شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى بېسىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا
قىلىنغان پوپوزا ئىدى. ئەمەلىيەتتە رىن گولياڭ ئالاھىدە ۋە-
زىپىلىك لېنگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، قاتىلنى ھېچكىم سۈرۈش-
تۈرمىدى. كۈتمىگەن پەيتتە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە يېڭچىڭ قا-
تارلىق توخۇ يۈرەكلەرنىڭ ئاقسۇدىن كېتىش نىيىتىنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار يۈك-تاقىنى دەرھال تېڭىپ ئەتىسى يولغا
چىقىشقا تەييارلاندى.

شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى توغرىسىدا
جياڭ جيېشى ئاللىقاچان خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەر-
لەرنىڭ مۇئاش، تەمىناتلىرىنى خېلى بۇرۇنلا توختىتىۋەتكەن ئىدى.
جەڭچى - ئوپىتسىرلار تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا قوسىغى كوپۇپ غە-
زەپلىنىپ تۇراتتى. "ماچىڭشياڭ قاتارلىق ئەمەلدارلار نۇرغۇن ئالتۇن
ئېلىپ كەپتۇ" دىگەننى ئاڭلاپ، "ئۆزىمىزنىڭ قان - تەرىمىز
بەدىلىگە كەلگەن مۈلۈكنى ئۇلارنىڭ چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ،
بۇزۇپ - چېچىپ خەشلىشىگە يول قويمايمىز" دىگەن گەپلەر
كۆپەيدى.

ئاقسۇدا ئۇ چاغلاردا كومپارتىيىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتى
يوق ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئاڭ - پىكرى "ئاكا - ئۇكا بولۇش"
تىن ئىبارەت فېئودالىق مۇناسىۋەتلەر سەۋىيىسىدە ئىدى. بىرى-
گادىغا بىۋاستە قاراشلىق ھەر قايسى روتا بىر - بىرىسى بىلەن
مۇناسىۋەت قىلىپ، ئالتۇننى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، ۋاقىتلىق
ھەربى ھالەت يۈرگۈزدى. ئۇلار تولۇق قوراللانغان ھالدا گازار-
ما دەرۋازىسى ۋە يوللارنى كونترول قىلىپ، بىرىگادا شتاۋ-

ـدىكى جەكچى ـ ئۆپىتسىرلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ئۈچۈن پەقەت كە
چىك ئىشىكىنىلا ئېچىپ بەردى. يې چىڭ، مـاچىڭشياڭلار بىلەن
بىللە ماڭماقچى بـولغان جۇڭ زويىن (تەرتىپكە سىلىنغان 128 ـ
بىرىگادىنىڭ لۇيجاڭى) دەرۋازىدىن چىقماقچى بـولغاندا، قورال ـ
سىزلانـدۇرۇلۇپ، يـاتىغىغا هـەيدىۋېتىلدى. نـەتىجىدە ئـەھۋال
بىردىنلا جىددىـلىشىپ، تېگىپ كەتسىلا پارتلاپ كېتىدىغان هالەتكە
يەتتى . ئەتىسى لى زوتاڭ، يې چىڭ ـ ماچىڭشياڭ قاتارلىقلارنى
ئـۇزاتماقچى بولدى . ئىككى دانە دادۈجى ماشىنا بىرىگادا شتا ـ
ۋىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن چاغدا، ئەسكەرلەر يولنىڭ ئىككى
قاسنىقىدىكى ئۆيـلەرنىڭ ئوگزىلىرىگە چىقىشىپ، هەرخىل قورال ـ
ياراقلارنى بەتلەپ تەييارلىق هـالىتىدە تۇراتتى. ئۇلار ماشى ـ
نىغا توختاش بۇيرىقىنى بەردى. ماچىڭشياڭ ئەھۋالنىڭ خەتەر ـ
لىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە قالايمى ـ
قـان هـەركەت قىلماسلىق هـەققىدە ئىشارەت قىلدى. يې چىڭ
خۇددى سـادىن قوققان چۈجىدەك تـاتىرىپ كېتىپراللىق هەيۋە ـ
سىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئىچىدىن بېشىنى
چىقىرالماي ياتاتتى. باشقىلىرى بىر ـ بىرىسىگە قارىشىپ قارا تەر ـ
گە چۆمۈشتى، ئايالLAR يىغا ـ زارە قىلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ قاغىش
تەككەن جانلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئـۈچۈن، يەنە لى زوتاڭنىڭ
ئۆيىگە قـايتىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا يې چىڭ، ما چىڭشياڭلار ئىگى ـ
سىز قـالغان لالما ئىتتەك قـۇيرىقىنـى ئىچىگە تىقىشىپ لى زوتاڭ
بىلـەن گـاۋرۇڭگـۇاڭدىن ياردەم سورىدى. ئـاندىن گاۋ رۇڭگۇاڭ
ئـوزى جىپ مـاشىنىغا ئـولتۇرۇپ، يې چىڭ، مـاچىڭشياڭلارنىڭ
ماشىنىلىرىنىڭ ئـالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. لېكىن ۋەقە ئۇنىڭ
ئـويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. بىر بەنجاڭ گاۋ رۇڭگۇاڭنى ماشى ـ



نىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ئەدىۋىنى بېرىپ قـايتۇرىۋەتتى، ئىككىن ـ
چى قېتىم ماڭماقچى بولغانىدىمۇ ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

قـاتتىق قوللۇق بىلەن ئۇسسۇپ بېقىپ بـۇرنىغا يىگەندىن
كېيىن، ئۇلار يۇمشاق قوللۇق ئۇسۇلىنى ئىشقا سالدى ـــ چىراي ـ
لىق سوزلەر بىلەن ئـالداپ كوردى. گاۋ رۇڭگۇاڭ ئارىغا چۈشۈپ
(بۇ چـاغدا تاۋسىيۇيدىن تېلېگىراممىا كەلگەن، ھىندىستانغا كەت ـ
سە قـويۇپ بېرىڭلار دىگەن ئىدى) بىرىگادىغا قاراشلىق ئەس ـ
كەرلەرنى بىر جايغا توپلىدى. ماچىڭشياڭ ئۇلارغا نۇتۇق سوز ـ
لىدى. ئـۇنىڭ سوزىنىڭ مەنىسى: (1)مەن قېچىپ ماڭمىدىم، چېگرا
بويىغا قۇمانـدانلىق پونكىتى قۇرغىلى كېتىۋاتىمەن ، (2) سىلەر
نەچچە ئايدىن بۇيان مائاش ـ تەمىناتسىز قېلىپ كوپ قىيىنچىلىق
تارتتىڭلار ، مەنمۇ بۇنىڭغا ئېچىنىمەن. مېنىڭدە كوپ پۇل يوق،
تـەمىنات ئـۈچۈن كۈمۈش پـۇل بېرىشىم مۇمكىن، بۇ شەخسەن
ئۆزەمنىڭ ئەرزىمەس ئىلتىپاتىم. ئەپۇ قىلىڭلار ـ دىدى. دىمەك ئۇ
مەنپەئەت بىلەن ئالداپ ئەسكەرلەرنى يۇمشاتتى ، شۇنداق قىلىپ
قالايمىقانچىلىق بېسىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاقسۇدىكى يولۋاس
ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ ئالدىراپ ـ تىنەپ تىكىۋەتتى.

## لى شەنفىڭ توپىلىڭى ۋە كۈچاردىكى بۇلاڭچىلىق

”يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ“ دىگەندەك كـۈنگە چـۈشۈپ
قالغان لى شەنفىڭ (194 ـ پولكتا مائاۋىن يىڭجاڭ) قارا نى ـ
يەتلىك نەپسى يامان ئادەم بولۇپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرى ـ
سىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىگە بېرىۋېلىپ ئۆز ئـالدىغا
بەگ بولـۇش كويىغا چۈشتى. ئۇ ئىككى پىيادىلار لىيەنى بىلەن

پىلەموت لىيەنىنىڭ كوپ قىسىم ئەسكەرلىرىنى مەجبۇرى ئەگەش- تۈرۈپ تۇرپانىنىڭ گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىدا بارماقتىن قان چى- قىرىپ قەسەميات قىلىشقاندىن كېيىنلا ئاسىلىقنى باشلىدى. ئۇلار 20 نەچچە دانە ماشىنا بۇلاپ، ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ غەرپكە قاچتى. قوماندان تاۋسىيۇي ئۇلارنى توسۇپ زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەرگەنلىك- تىن لى شەنفىڭ كۆمۈشكە بارغاندا ئامالسىز ماشىنىلارنى تاشلاپ چۆل - جەزىرىگە قاچتى. ئالدىن توراپ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقاچقا، 7 كۈن قورشاۋدا قېلىپ، ئوزۇق - تۈلىگى، ئوق - دورىسى تۈگىگەندە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

كۆچاردا تۈرۈشلۈق ئاتلىق پولك بۇزۇقلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن خېلى بۇرۇنلا بۇلاڭچىلىق قىلىپ غەۋغا چىقىرىش كويىغا كىرگەن ئىدى. پولك كوماندىرى لىيۇچىڭشۇي پولكقا يېنىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ھەربى ئوزگىرىش قىلىپ، كۆچار خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پاراكەندە قىلدى.

پولك كوماندىرى لىيۇچىڭشۇي ئەسلىدە بايۇەچچى ئائى- لىسىدىن بولغاچقا، ئويۇن - تاماشىدىن باشقىنى بىلمەيتتى. ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ئۇ بانكىدا قارتا ئويناۋاتاتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال گازارمىغا باردى. بۇ چاغدا توپىلاڭ كوتەرگەن ئەسكەرلەر گازارما دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. لىيۇچىڭشۇي يالۋۇرۇپ توساپ كورگەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى. ئوت قويۇش، بۇلاش، ئولتۇرۇش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئوخشاش قەبىھ پاجىئەلىك ۋەقە ئاخىرى يۈز بەردى. بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان كۆچار ئىنتايىن ئېچىنارلىق ھالدا ۋەيران بولغان ئىدى. ھەقىقەتكە قايتىش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، كۆچاردىكى قوشۇنلار يەنە قان قەرزگە بوغۇلدى.



كۆچاردىكى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى ۋە لى شەنفىڭنىڭ خائىنلىق قىلىشى لى زوتاڭنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئۇ كۆچار، تۇرپانلارغا بېرىپ ئىشلارنى رەتكە سالماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزۈتۈپ كورمەكچى بولدى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كورگەن ئەلا، دەپ ئۈرۈمچىگە بېرىشنى قارار قىلدى. مې- ڭىش ئالدىدا مۇئاۋىن لۈيجاڭ گاۋرۇڭگۇاڭغا مۇندىن كېيىن بىرىگادا بۇيىچە مۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماڭ دەپ تاپىلىدى.

لەنجۇدىن خېشى كارىدورى بويلاپ چېكىنىپ چىققان گو- مىنداڭنىڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنلىرى قۇمۇل ئارقىلىق ئاقسۇغا كەلدى . ئۇلار قۇمۇلدا بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىگى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىپ، قوشۇنلار ئىچىدە دا- ۋالغۇش پەيدا قىلدى. گاۋرۇڭگۇاڭ شەھەر مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئاقسۇنىڭ بىخەتەرلىگىگە ھەققى كاپالەتلىك قىلىشنى تاپشۇر- غاندىن تاشقىرى، مەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىر كاتىۋى لىيۇجۇڭشيۇ ۋە شەھەر مۇداپىئە باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى خەنرۇن بىلەن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. لىيۇجۇڭشيۇ يەرلىك ئورۇنلارنى تاۋۇز چاغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەربىلەردىن ھال سوراشقا سەپەرۋەر قىلايلى دىدى. باتالىيون كوماندىرى لى بىۋاستە باشلامچىلىق قىلىپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئىچىدىكى غەربى شىمال مەمۇرى مەھكىمە رادىئو پىرىيومىنىڭ خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى گاۋرۇڭگۇاڭ ئوز ئويىدە ئېلىپ قالدى. قالغان خا- دىملارنىڭ ھەممىسىنى يولغا سېلىۋېتىش ھەققىدە گاۋرۇڭگۇاڭ

بۇيرۇق بەردى. مەن نازارەت قىلىپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتىم.

لى زوتاڭ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 2 ـ كورپۇس قىسىملىرىنى قارشى ئېلىش، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارنى تەرتىپكە سېلىش تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلدى. لى زوتاڭ 9 ـ كورپۇسقا سەنمۇجاڭ بولۇپ قەشقەرگە يۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىرگادىغا بىۋاستە قاراشلىق قوشۇنلار بىلەن قوماندانلىق شىتابتا ئېلىپ قالغان خادىملارنى مەن باشلاپ قارا شەھەرگە بېرىپ تەرتىپكە سېلىندۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئالدىدىكى قالايمىقانچىلىقلار بېسىلدى.



# شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەزگىللىرىدىكى باركۆل

ۋاڭ چۈەنفۇ

## تاغنىڭ ئالدى - كەينىدىكى باركۆل

باركۆل، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 360 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان. مەنچىڭ دەۋرىدە، ئۇ بېيجىڭدىن تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىدىغان باش بىكەت ئىدى. بۇ يولدا سودىگەرلەر ئۈزۈلمەيتتى. شىنجاڭغا مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ياكى مەنسۇبىدىن بوشۇتۇلغان ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى باركۆلگە چۈشۈپ ئۆتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن باركۆل ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن ئىدى. شەھەرنىڭ شەرقى جەنۇبىدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 ـ 30 مېتىر كېلىدىغان بىر پوتەي بار. ئۇنى يەرلىك كىشىلەر "يۈيگۈڭ پوتەيى" دەپ ئاتىشاتتى. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرىدا جۇڭغارلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغان مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى يۆي جۇڭچى بۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ تۇرغان، تيانشان بۇتخانىسىدىكى شۆبىرىنگۈينىڭ ھەيكىلى، رىۋايەتلەردىكى فەن لىخۇانىڭ قوماندانلارغا بۇيرۇق جاكالاش سەھنىسى قاتارلىقلار مىلادى 7 ـ

ئەسىردىكى ۋەقەلەرنى ئەسكە چۈشۈرۈپ، بۇ جايىنىڭ قەدىمى ئۇرۇش مەيدانى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، باركۆل ناھىيىسىدە دۇتۇڭ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدى.

شىنجاڭ ئازات بولۇش ئارپىلىرىدا، باركۆل يولى چول-لۇشۇپ كېتىپ، ئىگىلىك ئىشلىرى چۈشكۈنلەشكەن ئىدى. لېكىن تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئەسكەر تۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن ئىدى. شۇ چاغدا گومىنداڭ ئارمىيىسى 178 - بىرگادىسىنىڭ ئاتلىق پولكى باركۆلدە تۇراتتى. باركۆلنىڭ غەربىدىكى گۈچۈڭ، مورىلاردا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىسى شەرق تەرىپىدىكى ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدە بىر چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى تۇراتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن باركۆل ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 18 مىڭدىن ئاشاتتى. خەنزۇ بىلەن خۇي-زۇلارنىڭ نوپۇسى 8000 چە بار ئىدى. ئومۇمى نوپۇسى 500 دىن ئاشمايدىغان خەنزۇ - موڭغۇل قېنىدىن بولغان "شالغۇتلار" بولۇپ، ئۇلار باركۆلدىكى ئەڭ نامرات قاتلام ھېساپلىناتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى خەنزۇ، خۇيزۇ پومىشچىكلارغا يالللىقچى، مەددى-كار بولۇپ ئىشلىسە، بىر قىسمى چارۋا ئىگىلىرىنىڭ مېلىنى باقاتتى. قازاقلار ئومۇمى نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قۇمۇلدا تۇرۇش-لۇق گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنغان 178 - بىرى-گادىسىنىڭ لۈيجاڭى مۇ ئېرۇ باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكىنىڭ تۇەنجاڭى ۋاڭ چۈەندۇغا شەخسەن ئۆزى بىر پارچە خەت يازدۇ.



ئۇ خەتتە: "شىنجاڭدا بېيجىڭگە ئوخشاش تىنچلىق بولغۇسى، قوشۇنلارغا ياخشى ئىگە بولۇپ ھەربى، مەمۇرى ئورۇنلار بىرلىكتە يەرلىك تەرتىپنى ياخشى ساقلاڭلار!" دېيىلگەن ئىدى. ۋاڭ چۈەندۇ خەتنى ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى شىڭ يىڭلۇ، ناھىيە ھاكىمى ۋاڭ دۇڭياڭ، ساقچى باشلىقى يى ۋۇجەي قاتارلىق باركۆلدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنى خەۋەردار قىلىدۇ. مەخپىيەتلىك بىلەن ئادەتتىكى خەۋەر ئوتتۇرىسىدا ئانچە قاتتىق پەرق بولمىغاچقا، بۇنى ئاڭلىغانلار چىقىپلا ئۇرۇق - تۇققان، ئەل - ئاغىنىلىرىغا ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. شۇڭا "25 - سىنتەبىر" دىن ئەۋەللا باركۆلدىكى ئارمىيە ۋە خەلقلەر شىنجاڭدا ئۇرۇش بولماي، تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. تۇەنجاڭ ۋاڭ چۈەندۇ ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چاۋشەن ناھى-يىسىدىن بولۇپ، شۇ چاغدا 31 ياشلارغا كەلگەن ياش ئوفىتسېر ئىدى. ئۇ گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن يۇرتداش ھەم شىرەم تۇققانچىلىقى بولۇپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆپ يىللىق تەسىرى ئارقىسىدا سىياسى جەھەتتىن ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ يېتىشكەن ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇنى جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ئوستۇرۇپ، ئالدى بىلەن "غەربى شىمال ھەربى، مەمۇرى مەھكىمىسى" دە مەخپى ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىقى قىلغان. ئۇندىن كېيىن سۇڭ شىلەننى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ گومىن-داڭ دولەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە مەلۇم قىلىپ تەس-دىقلىتىپلا تۇەنجاڭلىققا ئوستۇرگەن، شۇڭا شەخسى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا جاڭ جىجۇڭنىڭ ھەركىتىگە قاراپ ئىش قىلاتتى. سىياسى جەھەتتە بولسا گومىنداڭنىڭ "زاۋالغا يۈز تۇت-

قانلىغى، كۈنى ئۈزاققا بارمايدىغانلىغى" نى بىلەتتى. جاڭ جۈجۇڭنىڭ يېڭى سىياسى كېڭەشكە قاتناشقانلىغىنى رادىئودىن ئاڭلاپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى ئەلۋەتتە ھىمايە قىلاتتى. مۇئاۋىن تۈەنجاڭ (ئىسمى ئېسىمدىن كوتۇرۇلۇپ قەپتۇ) ئەسلىدە شەرقى-شىمال پىدائىلار قوشۇنىغا قاتناشقان. كېيىن شىڭ شىسەي قىسىملىرىدا بولغان، ھەربى سەپتىكىلەر ئىچىدىكى "ئۈچ دەۋر ئەربابى" ھىساپلىناتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خوجايىنىغا قاراپ بايراق ئالماشتۇرۇش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ھەممىدىن كورە ئۇ ئوز پايدا - زىيىنى بىلەن ھىساپلىشاتتى. پولك كوماندىرىنىڭ يارەمچىسى شىڭ يىڭلۇ گومىنداڭ ئوپىتسېرلار مەكتىۋىنىڭ 14 - قارارىنى پۈتتۈرگەن، ناھايىتى مۇلايىم ھەتتا قورقانچاق، سىياسى جەھەتتە نادان ئىدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ كۈنى ئۈزۈنغا بارمايدىغانلىغى ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. 6 نەپەر لىيەنجاڭنىڭ ھەممىسىلا گومىنداڭ ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى شىڭ يىڭلۇدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. بەزىلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى بولۇپ تېچ ئازات بولسا، ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. پولك كوماندىرى ۋاڭ چۈەندۇ ئوزىنى پاك تۇتاتتى، مەنسەپ كېبىرىمۇ يوق، تۈۋەندىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى، ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىسىلا قول ئاستىدىكى قوشۇنلارنى باشلاپ بىرلىكتە ھەركەت قىلالايتتى. دەرۋەقە پايدىسىز ئامىللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ قوشۇنلار ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە لى تيەجۈن ئەنخۇي - خېنەن چېگرىسىدىكى باندىتلارنى يىغىپ قۇراشتۇرغان قوشۇن بولۇپ، 10 يىل داۋامىدا تولىسى ئۆلگەن، قېچىپ يوتكۇلۇپ كەتكەن



بولسىمۇ، لېكىن قالغانلىرىنىڭ تولىسى پەيجاڭ، بەنجاڭ قاتارلىق مەنسەپلەردە ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى كونا ھەربى، ئىنتايىن قارام ئادەملەر، شۇنىڭدەك ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرى بار ئىدى، ئەسكەرلەر تولىسى گەنسۇدىن ئېلىنغان ۋە تۇتۇپ كەلگەن باللار ئىدى. ئۇلار ئۇستىگە ھەربى كىيىم كىيىۋالغىنى بىلەن نىمىشكە ئەسكەر بولغانلىغىنى، كىم ئۈچۈن ئەسكەر بولغانلىغىنى بىلمەيتتى.

ھەربى قوشۇن مۇنداق ئىكەن يەرلىك ئەھۋال قانداق ئىدى؟ ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دۇڭياڭ ئەسلىدە ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىسىدە ھەربى سوت ئەمەلدارى بولۇپ، ما جۇڭشىياڭ قورال كۈچى بىلەن مەدەت بېرىپ «خەلق سايلىغان» ئەمەلدار ئىدى. بارىكول ما بۇفاڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە رايونى بولمىغاچقا، بۇھاكىم قۇرۇق ئۇستەڭگە مىراپ بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئادەم ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە سىرتتا شۇ جايدىكى ھەربى قوشۇنلارغا تايانسا، ئىچكى جەھەتتە يەرلىك نوپۇزلۇق كىشىلەرگە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قازاقلار ئىچىدىكى يۇقۇرى قاتلاملارغا تاييناتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك ۋاقتىنىڭ تولىسى مېھماندارچىلىق، ھاراق - شاراپ ئىچىش، ماجاڭ ئويناش بىلەن ئوتەتتى. شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇمۇ بىللە ھەقىقەتكە قايتتى.

بارىكول بازىرىدا ۋە دىخانچىلىق رايونلىرىدا ھەقىقى نوپۇزلۇق ئادەم يې ۋە جاڭ فامىلىلىك ئىككى ئائىلە ئىدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ناھىيىلىك "مەسلىھەت كېڭەشنىڭ باشلىغى" گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى (پىرقە بولۇمنىڭ باشلىغى — ت) ئەمەس، بەلكى

ناھىيىلىك سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ باشلىقى يېخۇيجاڭ ئىدى.
بۇ ئادەم مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بارىكول-
دىكى يې تۇڭلىڭنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، شۇ يىللاردا 60 ياشتىن ئاش-
قان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ "لاۋيېجاڭ"
(پېشقەدەم كېڭەش باشلىقى — ت) دەپ ئاتاپ ئۇنىڭ ئەسلىدىكى
فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قالايلا دەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سىياسەت
بىلەن كارى يوق، قۇلىقى گاس، نامىغىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان
ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ جۈيجاڭى ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ساقچى ئوپېتسىرلار
مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، خېلى يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ناھىيىدە
خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، ھاكىمغا ۋە كېڭەش باشلى-
قىغا قارىغاندا تېخىمۇ نوپۇزلۇق ئىدى. "پېشقەدەم كېڭەش
باشلىقى" نىڭ قىزى گومىنداڭ بارىكول ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ
شۇجىجاڭى جاڭ يۈيىنىڭ ئايالى. جاڭ يۈي شىڭ شىسەي ھۆكۈمە-
رانلىق قىلىۋاتقان چاغدا ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋېتىپ "ماركسىزم
گۇرۇپپىسى" دېگەن ئىلغار تەشكىلاتقا قاتناشقان. كېيىن ئۇ،
ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولغان چېغىدا "شىنجاڭ دېمو-
كراتىك ئىتتىپاقى" غىمۇ قاتناشقان بولۇپ ئۇنى قەلبى قىزىل
ئاق تاشلىق ئادەم دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى
بۇرۇن بارىكولدە تۇرغان ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ ئورۇن-
باسار تۇەنجاڭى لياۋ ئىدى. ئۇنىڭ قىسىملىرى ئەنشىدە ھە-
قىقەتكە قايتتى. بۇ ئىككى ئائىلە بارىكولنىڭ پارتىيە، مەمۇرى،
ھەربى، ساقچى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق بارلىق چوڭ
ھوقۇقلارنى قولغا ئېلىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەردە
تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ئۆسكەن، ئۇرۇق-جەمەت، يارۇ-بۇرادەرلىرى



پۈتۈن ناھىيىگە تارالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھىيىنىڭ
ھاكىمى ۋاڭ دۈڭياڭ خوش دەپ قول قوشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى
پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەربى، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان
ھەربى قىسىملارنىڭ تۇەنجاڭىمۇ ھەرقانداق ئىشتا ئەشۇلارنىڭ
رازىلىقىنى ئالاتتى. قىزىق يېرى شۇكى، شىنجاڭنىڭ تېچ ھە-
قىقەتكە قايتىشى ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىگە ھېچقانداق
زىت كېلىدىغان يېرى يوق ئىدى، بەلكى بەزى جايلاردا ۋە
مەلۇم دەرىجىدە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر ئىدى. ھەقىقەتكە
قايتىشنى ئۇلار قارشى ئالاتتى دېيىشمۇ بولىدۇ، ھىمايە قىلاتتى
دېيىشمۇ ئوشۇق كەتمەيدۇ.

كەڭ خەلق ئاممىسى گەرچە ئەھۋالدىن بىخەۋەر ھالدا
تۇرسىمۇ، لېكىن ئالۋاڭ-ياساق، تالان-تاراج دەستىدىن ئۇلار
ئازاتلىققا تەقەززا ئىدى.

قازاقلارنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تۇتقان
پوزىتسىيىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى،
بۇنىڭ سەۋەبى بارىكول ناھىيىسىنىڭ نوپۇسىدا قازاقلارنىڭ
كۆپ سانىنى ئىگەللىگەنلىكى بولماستىن، قازاق يۇقۇرى قاتلامدى-
كىلىرى ھۆكۈمەتكە قارىغاندا چارۋىچىلارنى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك
كونترول قىلالىغانلىقىدا ئىدى. ئۇ چاغدا بارىكول بويىچە قازاق
ئەل باشلىقلىرىدىن چوڭ-كىچىك 10 نەچچە كىشى بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ ئىچىدە چوڭراق تەسىرلىكلىرى 4 كىشى: بىرسى سۇلتان
تەيجى (تەيجى دېگەن مەنچىڭ خاندانلىقى بەرگەن مەنسەپ
نامى، نەسلىدىن نەسلىگە مىراس قالىدۇ) ئۇنىڭغا
400 ئائىلە قارايتتى؛ ئىككىنچىسى، قاقانباي، سىياسى جەھەت-
تە ئانچە كۆزگە كۆرۈنگىدەك ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن قولىدا
30 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 2000 نەچچە يۈز باش كالا،

700 دىن ئوشۇق توگە بار چوڭ باي ئىدى. ئۈچىنچىسى، گو-
مىنداڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالتۇنبەك، ئۇ
بارىكولدىكى قازاقلار ئىچىدە سىياسى ئورنى ئەڭ يۇقۇرى ئا-
دەم ئىدى. تۆتىنچىسى قاتاي، شىڭ شىسەي ساقچى ئوپىتسىرلار
مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، خەنزۇ تىلىغا ماھىر، بارىكول ناھىيىلىك
ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ئىدى. بۇ ئەل باشلىق-
لىرى خاتىرجەملىكتىن كۆرە قالايمىقانچىلىق بولۇشىنى تىلەيت-
تى. قالايمىقانچىلىق بولسا، ئۇلارنىڭ بايلىغى كۆپىيەتتى. جە-
مىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشقا جاۋاپكار بولغان ھەربىلەر ۋە يەر-
لىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئۇلارغا كۈچى يەتمەيتتى.

تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىشقا قارىتا كىشىلەرنىڭ تۇت-
قان پوزىتسىيىسى ۋە روھى ھالەتلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ،
لېكىن تاڭ ئالدىدىكى بارىكول تۇرمۇشى يەنىلا بىر قەدەر خا-
تىرجەم ئىدى.

## تەتۈر ئېقىمنىڭ بارىكولغا تەسىرى

خۇددى ئوچۇق ھاۋانى بىردىنلا بۇلۇت قاپلىغاندەك قۇ-
مۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 533 - پولكى توپىلاڭ
كوتۇرۇپ قۇمۇلغا يۆتكەپ كېتىۋاتقان لەنجۇ گومىنداڭ مەركىزى
بانكىسىنىڭ 30 مىڭ سەر ئالتۇنى بىلەن 200 مىڭ سەردىن
ئوشۇق كۈمۈچىنى بىر كېچىدىلا بۇلاپ كەتتى. بۇلاڭ - تالاڭ قى-
لىۋاتقاندا قۇمۇلنىڭ ئاقيا كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرىۋەتتى. قالايمىقان
ئېتىلغان ئوقلار 10 نەچچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.
533 - پولكىنىڭ تۈەنجاڭى چىڭ گۇگيۇنىڭ كوممۇنىستىك پار-
تىيىگە جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ



قىلىش بىلەن نامى چىققان ئىدى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا، ئۇ
جىنايى جاۋاپكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا قانۇننىڭ
ھەققانى جازاسىغا مەھكۇم بولدى.

533 - پولك بۇرۇن بارىكولدە ئىككى يىل تۇرغان ئىدى.
ئۇلارنىڭ ھەربى ئىنتىزامى ناچار، ھوكۇمەت بىلەن مۇناسىۋىتى
يىرىك بولغاچقا بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئاتلىق پولك بى-
لەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ قۇمۇلغا كەتكەن ئىدى. چىڭ گۇگيۇ
بارىكولدە تۇرغان چاغدا ئۆز ئالدىغا بەگ بولىۋېلىپ، ناھىيە
ھاكىمى، ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر
ئىش ئۈستىدە كورۇشمەكچى بولسا ئىشىكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ
رۇخسەت سوراپ ئاندىن كىرەتتى. بازار كوچىلىرىغا چىقىپ قال-
سا، ئارمىيە بولسۇن، خەلق بولسۇن ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىگىلىپ
تازىم قىلاتتى. يۇقۇرى نىمىنى قىلسا تۆۋەندىكىلەر شۇنى دوراي-
دۇ دىگەندەك ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پۇخرالار ئالدىدا ئوكتەملىك
قىلاتتى. 533 - پولك قۇمۇلدا توپىلاڭ كوتۇرۇپ بۇلاڭچىلىق
قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بارىكول خەلقى ئاتلىق پولكنىمۇ شۇنىڭغا
ئوخشاش قىلارمىكىن - دەپ ئىنتايىن غەم قىلغان ئىدى. شۇنىڭ-
دەك شەھەردە قالايمىقانچىلىق بولۇپ قالسا، چارۋىچىلىق را-
يونلىرىدا تېخىمۇ چوڭ ئەكس تەسىر قوزغىلارمىكىن - دەپ ئەن-
دىشە قىلاتتى، شۇ سەۋەپتىن شەھەردە ناھىيە خەلقى بۇ يەردە
تۇرۇشلۇق ھەربىلەردىن ھال سوراش كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا
"ئاقىۋەت ياخشى بولمايدۇ" دىگەن ئىمزاسىز ۋەرەقىلەر پەيدا
بولۇپ قالدى. بۇ كىچىككىنە ۋەرەقە گويا ئېغىر بومبا پارتلى-
غاندەك ھەممە ئادەمنى ساراسىمىگە چۈشۈرىۋەتكەن ئىدى.

شۇ چاغدا شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى

178-بىرىگادا قۇمۇلغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا چاقماق تېزلىگىدە شىتاۋى بىلەن 533-پولكنى قورالسىزلاندۇردى. ھەركەت تېز ئېلىپ بېرىلغاچقا توردىن چۈشۈپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ خۇمپەرلەردىن بەزىلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ قاچتى، بەزىلىرى قورال-ياراقلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەر ئىچىدە پەقەت باركولدىلا خەنزۇ، خۇيزۇلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 533-پولك بۇرۇن بۇ يەردە تۇرغان، ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن 533-پولك بىلەن ئاتلىق پولك بىرلىشىپ باركولنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلارمىش دېگەن يېڭى ئىغۋا پەيدا بولدى. بىر-بىرسىدىن قورقۇنۇچلۇق خەۋەرلەر دەستىدىن باركول ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق تەشۋىش ئىچىدە قالدى.

ھەربى، مەمۇرى خادىملار ئۇ چاغدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە قايتتى، لېكىن خەلق ئازاتلىق ئارمىيە بىلەن ئالاقە قىلالماي، يوليۇرۇق ئالالمىغان ۋە ياردەمگىمۇ ئىگە بولالمىغان ئىدى. بىرىگادا شىتاۋى پالەش ئەھۋالغا چۈشتى. رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا ئۈرۈمچىدىن يوليۇرۇق ئالالمايتتى. ھەقىقى ئەھۋاللار ۋە ۋەزىيەت تەلىۋىگە لايىقلىشىش توغرىسىدىكى يوليۇرۇقلارغىمۇ ئىگە بولالمايتتى. باركولنىڭ خاتىرجەملىكىگە قانداق قىلىپ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرى باش قاتۇرۇپ، مۇۋاپىق تەدبىر كۆرۈش زۆرۈر ئىدى. پولك كوماندىرى ۋاڭ چۈەندۇ باركول ساقچى قىسىملىرىنىڭ قۇماندانلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ يەرلىك ئورۇنلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈنلەي جاۋاپكار بولۇشتەك ئېغىر



ۋەزىپىنى ئالدى. پولك خادىملىرى ناھىيە ھاكىمى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ: (1) كويسۇدا ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىدا تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇش، بۇنىڭغا ئورۇنباسار پولكوۋنىك شىڭ يىڭلۇ مەسئول بولۇپ ساقچى ئىدارىسى ماسلىشىپ ئىشلەيدۇ. قۇمۇلدىن 533-پولك ئەسكەرلىرى كېلىپ قالسا قورالنى ئېلىۋېلىپ كىرگۈزمەسلىك، كويسۇدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتىۋېلىپ شەھەر دەرۋازىسىدا تۇتۇلغانلار بولسا، تۇتۇپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، يالاپ قايتۇرۇش؛ (2) ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەسئوللىقىدا ئاتلىق پولكنىڭ بىر پەي ئەسكىرى ماسلىشىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش، بۇنىڭدا 533-پولك بىلەن تۇققانچىلىق ئالاقىسى بار ئائىلىلەرنى نۇقتا قىلىش، قۇمۇلدىن كېلىپ يوشۇرۇنغانلار بولسا، ياكى گۇمانلىق ئادەملەر بولسا، يۇقۇرقىدەك تۇتۇپ سوراق قىلىپ، قايتۇرۇش، 4 يېزىدىكى يېزا باشلىقى، باۋجاڭلار بىرەر ئەھۋاللارنى سەزسە، دەرھال يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىش؛ (3) جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈش ھەممە يىغىندا قارىغا ئېتىش، ئات مەشقى قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش باناسى بىلەن ھەربى مەشق ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ھەربىلەرنى روتا كوماندىرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇتۇپ، ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشىپ يوق يەردىن چاتاق چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، سىرتقا چىققۇچىلارغا روتا كوماندىرى خەت بەرگەندىن كېيىن ئاندىن دەرۋازا پوستلىرى رۇخسەت قىلىش؛ سىرتتا يۈرىدىغان ۋاقتى 4 سائەتتىن ئاشماسلىق؛ بىر مەزگىلدە سىرتقا چىققۇچىلارنىڭ سانى ھەر روتىدا ئىككى كىشىدىن ئاشماسلىق، كەچكى تاماقتىن بۇرۇن گازارمىغا قايتىپ كېلىش قاتارلىق قارارلارنى ماقۇللىدى.

ئەسلىدە ۋەزىپە ئۆتىمىگەن قوشۇنلارنىڭ ئىگەر - توقۇملىرى
ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈلىدۇ، قورال - ياراقلىرى يىغىپ ئېلىنىدۇ -
دېگەن قارارنى شەھەردە، چارۋا رايونلىرىدا ۋەقە يۈز بېرىپ
قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ ئۆزگەرتىپ،
دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا ئېغىر پىلىموت ۋە مىنا-
مېيوت، قارىغا ئېتىش، ئات ئويۇنلىرىنى كورۇشكە قازاق ئەل باش-
لىقلىرىنىمۇ قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن
ھەربى قوشۇنلارنىڭ يېڭى جۇڭگونى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى
كورسەتكىلى بولاتتى ھەم قورال ھەيۋىسى بىلەن پوپوزا قىلىپ
ھەيۋە كورسىتىشكىمۇ بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ناھىيە ھاكىمى،
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىرلىكتە ئاز - تولا ھال سوراش
بۇيۇملىرى تەييارلاپ ھەربى قوشۇنلاردىن ھال سورىسا - دېگەن
تەكلىپنى قويدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ھەربىر روتىغا ئىككىدىن
چوشقا، 10 دانىدىن قوي ۋە ئاز - تولا تاماكا يەتكۈزۈپ
بېرىلدى. بۇ ھەقىقەتەن مەسىلە ھەل قىلىش رولىنى ئوينىدى.

بۈگۈنكى كۈندە قارىغىنىمىزدا، يۇقارقى ئۇسۇللارنىڭ بەزى-
لىرى ئانچە لايىق ئەمەس ياكى بەزىلىرى خاتا بولسىمۇ،
لېكىن شۇ چاغدىكى كونكرېت ئەھۋالدا سەل قاراشقا بولمايتتى،
بۇ مۇناسىپ تەدبىرلەر ئەمىلىيەتتە رول ئوينىدى. قومۇلدىن
قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەردىن بەزىلىرى ھەيدەپ چىقىرىلدى،
بەزىلىرى قاماپ قويۇلدى؛ سىرتتىن بولىدىغان خەۋپ-خەتەر ئاساس
جەھەتتىن توگۇتۇلدى. ھەربىلەرنى قوترىتىدىغان پىتنە - پاساتلار
توختىدى. ھەربى قىسىملار ئىچىدىكى جىنىدىن تويغان ئاز سانلى
لار ئوزلىرىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك خاتا ئىش قىل
قويغانلىقىنى، ھەربى قىسىملاردىن ئايرىلىپ قالسا، تۇرغىدە
جاي تاپالمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەۋ



لىك ۋەزىيەت خاتىرجەملىشىشكە باشلىدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو تارىخىدا
دەۋر بولگۈچ بىر كۈن، بۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ قاراڭغۇ
زۇلمەت تۈگەپ پارلاق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگىدىن بىشارەت
بېرەتتى. دولەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مەيدانى باركول شەھرى-
نىڭ 3 چاقىرىم غەربىدىكى بىر تۈزلەڭ دالىغا راسلاندى.
شۇ كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ 4 يېزىدىن ۋە چارۋىچىلىق
رايونىدىن يىغىنغا ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. بەزىلىرى ئاتلىق،
بەزىلىرى هارۋىلىق كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئارقىسى ئۈزۈلمەيتتى.
ھەقىقەتەن ئۆزگىچە خاس دالا مەنزىرىسى تۈس ئالغان ئىدى،
يىغىنىمۇ باشقىچە يېڭى تۈستە ئوتتى. هورمەت ساليوتى ئورنى-
غا "82" كالىبىرلىق مىناميوتتىن نىشانغا ئېتىش ماهارىتى كور-
سىتىلدى. بايراملىق پوجاڭزىلار ئورنىغا ئېغىر پىلىموت قارىغا ئات-
تى، شىنجاڭ ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە يىغىن
باشلاندى. يىغىندىن بۇرۇن يۇقۇرىدىن تەشۋىقات تېزىسى ۋە
يىغىن مەزمۇنى ھەققىدە يوليورۇق ئالالمىغاچقا، يىغىندا سوزگە
چىققۇچىلار نىمە دېيىشنى بىلمەستىن ئانچە ئۇزۇن سوزلەپ
كەتمىدى، شۇنىڭدەك ھەممىسىلا: "مۇندىن كېيىن جۇڭخۋا
مىڭگو دېمەيمىز، جۇڭخۋا خەلق جۇمهۇرىيىتى دەيمىز. يېڭى جۇڭ-
گوغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ، بىزنىڭ
داهىمىز ماۋ جۇشى ........" دېگەن سوزلەرنى تەكرارلاشتى.
قىلىنغان گەپ كوپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرار - تەكرار
ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىغىنغا قاتناشقانلار يېڭى نەرسىلەرنى
كورۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. پەقەت بۈگۈنلا
ھوكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇلارنى ئاڭلىغانلىغى

ئۇچۇن خەلق كوپچىلىگىنىڭ كوڭلى ئەمىن تاپقان ئىدى.

يىغىنىنىڭ ئېچىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى، ئەمما ناھايىتى تەنتەنىلىك بولدى. يىغىندىن كېيىن بۇ يەردىكى ھەربىلەر ئات مەشقى كورسەتتى. قازاقلار ئات بەيگە، چېلىش قىلىپ، تاكى كەچ كىرگىچە ئويۇن-تاماشا قىزىپ كەتتى. 100 چاقىرىملىق يەرلەردىن كەلگەن قازاقلارنىڭ بەزىلىرى يىغىن مەيدانىدا تۈنەپ قېلىشتى. كېچىدە سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسىڭىز، گۈلخانلار يالقۇنلىرى كۆرۈنۈپ دومبۇرا، ناخشا سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر دولقۇن ئەندىلا بېسىلىشىغا يەنە بىر دولقۇن كوتۈرۈلدى.

دولەت بايرىمى ئۆتۈپ بىر ئايغىچە ئەھۋاللار مولچەر-دىكىدەك تېنچ، جىمجىت ئىدى. چەت ياقىغا جايلاشقان بۇ شەھەرنى ئوكتەبىر ئايلىرىدىلا ئاپپاق قىرو بېسىپ كەتتى، كۈندىن-كۈنگە سوغاق كۈچەيدى. قازاقلار قىشلاقلارغا كوچۈپ كەتتى. بىپايان ئوتلاقلاردا ئاندا-ساندا قەپقالغان قورايلار سوغاق شامالدا ئىغاڭلىشىپ، كىشلەرگە بىر خىل سورۇن سوغاق مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ئاشلىق-تۈلىگىنى يىغىپ جايلاش-تۇرۇپ ئالغان دىخانلار، ئادەت بويىچە شەھەرگە كىرىپ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى يوخلايتتى، مەھسۇلاتلىرىنى ساتاتتى. ئۆزد-گە لازىملىق بۇيۇملارنى سېتىۋالاتتى. دۇكانلارنىڭ جاۋەنلىرىدە ھېلىمۇ مال تۈرلىرى ناھايىتى كەمچىل ئىدى. شۇ چاغدا يەنىلا شىنجاڭ ئولكىلىك بانكا تارقاتقان "كۆمۈچ تەڭگە" دەيدىغان قەغەز پۇل خەجلىنەتتى. باركول خەلقىنىڭ ئىگىلىگى تەبىئى ھالدىكى ئىگىلىك بولۇپ، رەخت، تاماكا، سەرەڭگە، يىپ ۋە چارۋىچىلارغا ئىنتايىن زورۇر بولغان قارا چايدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ



ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئىشلەپ تەمىنلىنەتتى. ياكى ئۆزئارا ئال-ماشتۇراتتى، تاۋارلارنىڭ قىسلىغى ۋە ھېلىمۇ كونا پۇلنىڭ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىغا ھېچكىممۇ نارازىلىق قىلمايتتى، ھەيران-مۇ بولۇشمايتتى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. بەزىلىرى زامانىۋى قوراللارنى ئېلىپ ئايروپىلان بىلەن كەلدى، كوپچىلىگى قار-شىۋىرغانلارغا قارىماي پىيادە كەلدى. لېكىن قانداق كەلگىنىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىلا قۇمۇل ئارقىلىق غەرپكە قاراپ كېتىۋەردى. بۇ "چەت" رايون گويا ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ئىدى. ھوكۇمەت ۋە ھەربىلەرنى ھېلىمۇ ئىلگىرىكى باشلىقلار باشقۇرىۋاتاتتى. بۇ يەردە تۇرغان ھەربىلەر شەپكىسىدىكى گومىنداڭ بەلگىسىنى ئېلىۋەتكەنلىگىنى ھىساپقا ئالمىغاندا باشقىچە يېڭى كەيپىياتنى كورگىلى بولمايتتى. باركول خەلقى مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەيلەرنى كورگەن، كېيىن يەنە گومىنداڭ كەلگەن، ئۇلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بايراقلارنى كوتىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەسلەكتىكىلەر دەپ ئاتىشاتتى. ئەمەلدارلارمۇ خۇددى مېھماندارچىلىققا كەلگەندەك كەلگىنى كېلىپ، كەتكىنى كېتىپ، ئەھۋال زادىلا ئوزگەرمەيتتى، قايسى كەلسىمۇ پۇخرالار بەرىبىر يەنە ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق تولەۋې-رەتتى. بۇنداق كونا كوز قاراش، كونا ئادەتلەر بەزى كىشىلەردە بەزەن خاتا ئوي-پىكىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇلار بايراق ئالماشتۇرۇپلا، دولەتنىڭ نامىنى ئوزگەرتىپ قويىدىغان ئىش بولسا كېرەك، يەنى "خاندانلىق ئالماشقان بىلەن قىلىدىغان ئىش يەنە ئوخشايدۇ — باشقا ئىش بولمىسا كېرەك" دەپ ئويلۇشاتتى. قىشنىڭ

بىكارچىلىق كۈنلىرىدە ئۇرۇق - تۇققان يوقلاپ، توي قىلىپ كېلىن ئېلىپ، مېھماندارچىلىق قىلىپ، نىمە خىيالىغا كەلسە شۇنى قىلىپ يۈرۈشتى. بارىكول خەلقى بۇ قىسقا ئەمما ئادەمنى بىتاقەت قىلىدىغان تەشۋىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تېنچ تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىشتى.

بارىكولدىكى ھەربى - مەمۇرى خادىملارمۇ جىددىلىكتىن بىر ئاز بوشاشتى. ئۇلار پۇخرالارغا قارىغاندا كوپرەك بىلەتتى: كوممۇنىستىك پارتىيە، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جاپادىن قورقمايدىغانلىقىنى، ئاددى - ساددە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئوتكۈزۈۋېلىپ، تەرتىپكە سېلىش يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل جىددىلىك، كەسكىنلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. "ۋەزىيەت جىمىدى، بىركۈن بولىسىمۇ ئوينىۋالغىنىمىز ئەلا" دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تولىسى ھاراق - شاراپ ئىچىۋاتقان، ماجاڭ ئويناۋاتقان، بەجايىكى ئەيشى - ئىشرەت ئەۋجىگە چىققان بىر ھال شەكىللەنگەن ئىدى.

خۇش خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى: ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ 16 - دىۋىزىيىسى قۇمۇلغا جايلىشىپ، قۇمۇلدىن بارىكولغا بارىدىغان مۇھىم ئېغىز قوۋۇقنى ئىگەللىدى، ئەمدى قۇمۇلدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ بارىكولغا كېلىش يولى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. شۇنىڭدەك "ئولكىلىك كېڭەش ئەزاسى" جاڭ جايۇ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيە 2 - كورپۇس باشلىقلىرىدىن گو فېڭ، ۋاڭ ئېنماۋ، دۇڭ شىڭيۇنلار ئىمزا قويغان پولك كوماندىرى ۋاڭ چۈەندۇنى تەقدىرلىگەن خەتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ خەتتە ۋاڭ چۈەندۇ ۋە پۈتۈن پولكنىڭ بارىكولنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا كورسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەم قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىلىگەن ئىدى. بىراق ۋاڭ چۈەندۇ بۇ خەتنى



شەخسەن ئۆزەمنىلا تەقدىرلىگەن دەپ قاراپ، پۈتۈن قوشۇنلارغا تەربىيە بەرمىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇ كەمچىلىكىنى چۈشەنگىلى بولاتتى، چۈنكى كونا ئارمىيە قوشۇنلىرىدا باشلىق بولغانلار قوشۇننىڭ سىمۋولى ھېساپلىناتتى. خەت ئۇنىڭغا قارىتىپ يېزىلغاچقا، بۇ ئۆزەمگە تەئەللۇق دەپ قارىدى. تونۇش جەھەتتىكى بۇ خاتالىق ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان "پەرۋاسىزلىق" ئېغىر ئاقىۋەتكە سەۋەپ بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پەيجاڭ ۋاڭ جىڭخۇا بىر قىسىم ئەسكەرلەردىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە نىسبەتەن مۇجىمەل چۈشەنچە ۋە ئوز يۇرتلىرىنى سېغىنىش ئارزۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قۇترۇتۇپ ئەگەشتۇرۇپ قېچىپ كەتتى. ناۋادا تەقدىرلەش خېتى ئارقىلىق پۈتۈن قوشۇنلارغا تەربىيە بېرىلىش بىلەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرلەش - جازالاش تۈزۈمى چۈشەندۈرۈلگەن بولسا ۋاڭ جىڭخۇانىڭ ئىغۋا تارقىتىپ قۇتۇرتىشىغا يوچۇق قالمىغان بولاتتى.

جاڭ جايۇ يەنە بەزەن ھوججەتلەرنىمۇ ئالغاچ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرىمۇ بار ئىدى. دەرۋەقە، بۇنى بىر قىسىم كىشىلەرلا ئوقۇپ كورۇپ كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىگىدىكى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ كونا ھاكىمىيەتكە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىللى سىياسەتكە ئائىت ھوججەتلەرمۇ بولۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەشۋىق قىلىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى "كوزدىن كوچۈرۈش" ۋە "ھال سوراش" قا ئىشلىتىش ئۈچۈن بارىكولدىكى ھەربى، مەمۇرى دائىرىلەرگە ھەر ئايدا بەلگىلىك

بىردىن ئۆزبېكلىرى قازاقلار ئىچىـ
مىقداردا قارا چاي بېرىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ھازىر شەھەر رايون ۋەزىيىتى
دىكى يۇقۇرى قاتلاملار ئىدى. ئەندى قولنى بوشۇتۇپ مۇشۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشـ
مۇقىملاشتى. ئارمىيە، ھوكۇمەت مەسلىھەتلىشىپ، پولـك
كە تـوغرا كېلەتتى. قىسـىملارغا
كوماندىرى ۋاڭ چۇەندۇ شەھەردە تـۇرۇپ ھەربـى
ئىگىدارچىلىق قىلىش، ناھىيە ھاكىمى، ساقـچى ئىـدارىسـىنىڭ
باشلىقى، مۇئاۋىن پولـك كوماندىرى قاتـارلىقلار چـارۋىچىـلىق
رايونلىرىغا ھال سوراش ئۈچۈن بېرىـشنى قارار قىـلدى. ھـەر
قېتىم بىر قەبىلىدىن ھال سـوراشقا بـارسا، بـېرىپ ـ كېلىـشكە
ئىككى كۈن كېتەتتى. ئۇلار چارۋىچىـلار بىـلەن كـورۇشۇشـنى،
يېقىنلىششىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى ۋە ئۇنداقمۇ قـىلالمايتـ
تـى. يەنىلا كونا قائىدە بويىچە قـەبـىلە باشلـىقلىرىدىن ھـال
سورىدى. قـازاقـلار مېھمـاندوسـت خـەلق، قـائـىدە ـ يـوسـۇن
بويىچە ئۆي ئىگىسى ئۆزىچىقىپ مېھماننى يولەپ ئاتتىن چۈشۈـ
رىدۇ، ئۆيگە كىرگەندە توردىن ئورۇن بېرىدۇ. ئـالدى بـىلەن
بوغۇرسـاق بـىلەن سـۈتـلۈك چـاي قۇيـۇپ، ئـانـدىن قـوي
سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. سىياسەتنى چۈشـەندۈرگـەندىن كېـيىن،
ئەل باشلىقلىرىنىڭ دەيدىغان جـاۋاپ سـوزى بىر ـ بـىرسـىگە
ئوخشاپ كېتەتتى: ”بىزنىڭ باشلـىقلار بېيجىڭدە، بېيجىڭدە كىم
ئولتۇرغان بولسا، بىز شۇنىڭغا بويسۇنىمىز“ دېيىشەتتى، بۇلارنىڭ
ئىچىدە ئاقاتباي دىگىنى: ”مېنىڭ قوي، كالىلىرىم بار، قالايمىـ
قانچىلىق چىقسا ماڭا پايدىـسى يـوق“ دەپ قوشـۇپ قـويدى.
پـۈتـۈن چارۋىچىلىق رايـونلـىرىدا ھـازىرچـە غەيـرى ئـەھۋال
كورۇنمەيتتى.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، جاندىن ئۆتكىدەك
سوغاق شامال بىلەن بىللە ئادەمنى دەككە ـ دۈككىگە سالىدىغان



بىر خەۋەر ـــ ئوسمان قەبىلىسى گـۆچۈڭدىن بـاركولگە كوچـۈپ
كەپتۇ دىگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئوسمان قەبىلىسى باركولگە
كوچۈپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئوتمەيلا ئىككى قـېتىم غـەلىتە
ئەھـۋال يۈز بـەردى. ئۇنىڭ بىرسى، بـېدىشاڭدىكى بىر خەنزۇ
قوي بېقىۋاتقاندا قازاقلار كېلىپ ئۇنىڭ قويلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.
بېدىشاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىلەر مەشق قىلىۋاتقان ئىكەن، بۇ ئەھـ
ۋالنى بىلگەندىن كېيىن بـۇلاڭچىلارنى تـۇتۇشقا ئەسكەر ئەۋەـ
تىپتۇ، ئۇلار باركول كول بويىغىچە قوغلاپ بېرىپ، بۇلاڭچىلارنى
ئېـتىپ ئولتۇرۇپ، قويلارنى قايتۇرۇپ كەپتۇ، قائىدە بويىچە بۇ
ئەھۋالنى قەبىلىلەرگە ئۇقتۇرغاندا، جەسەتنى ئالىدىغان ئـادەممۇ
چىقمىدى. بىزنـىڭ پالانى ئادىمىمىز ئىدى دىگەن گەپ ـ سوزمۇ
بولمىدى. ئىككىنچى ۋەقە، ئىككى كۈن ئوتكەندىن كېيىن سازلىق
بويىدىكى يالغۇز ئويلۇك بىر خەنزۇ كېچىدە قاشادىن ئـارتىلىپ
ئاتنى ئوغۇرلاشقا چۈشكەن ئوغرىنى ئېتىپ ئولتۇرۇپ قـويۇپتۇ،
تاڭ ئاتقاندا قارىسا، ئولگەن ئوغرى بىر رۇس بولۇپ ئۇنىڭدا
بىر دېسكىلىق ئاپتومات بار ئىكەن. ئوسماننىڭ ئاق رۇسلاردىن
تەشكىل قىلغان بىر مۇھاپىزەتچى ئـەتـرىتى بارلـىغىنى ھـەممە
ئادەم بىلەتتى. ئەندى بالا تېرىيدىغان بولدى دەپ قورقۇپ بۇ
ئويدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆي ـ جاينى تاشلاپ شەھەرگە قېچىپ
كەلدى. ناھىيىدە رادىئو ياكى گېزىت يوق ئىدى، لېكىن خەـ
ۋەر ئىنتايىن تېز تارقىلاتتى، شۇندىن كېيىن شەھەرگە كېلىۋاتـ
قان ھارۋىلار بەك كوپەيدى. بەزىلەر ئائىلىسى بىلەن شەھەرـ
دىكى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىـنىڭ ئويىگە كىـرىۋالدى. ئويلـىرىنـى
تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلار چـوڭ قىزلىرىنى، ياش
كېلىنلىرىنى ۋە ئاجىزلارنى شەھەرگە كوچۈرۈپ ئېلىپ كەلدى.

شۇ چاغدا ناھىيىنىڭ ھەربى، مەمۇرى دائىرىلىرى يۇقۇرقى ئەھ- ۋالغا ئاساسەن ئىككى جىددى تەدبىر قوللاندى . بىرى، بۇ يەردە تۇرۇش- تېلېفون بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ بىرى، بۇ يەردە تۇرۇش- لۇق ھەربىلەر مەشقنى توختۇتۇپ ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇش، 2 - سى ناھىيىنىڭ ھاكىمى باشچىلىقىدا مۇئاۋىن پولك كوماندىرى پولك كوماندىرىغا ۋەكىل بولۇپ، ھال سوراش نامىدا ئوسمان قەبىلىسىگ بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ كورمەكچى بولدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھاكىم باشچىلىقىدىكى 14 كىشى (مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەسكەرلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئوسمان تۇرغا جايغا كەلگەندە چۈشتىن كېيىن سائەت 5 بولۇپ قالغان ئىدى ئۆلارنى ئوسماننىڭ "ئالتاي ۋالى مەھكىمىسى" نىڭ ساقچ باشلىقى كۈتۈپ ئالدى. ئۇ كىشى "سىلەرنى باتۇر ئەتە كورۇشك لى كەلسۇن دىدى" دەپ ئۇقتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە ناھايىتى ياخشى مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن ئاقىنلار دومبۇرا چېلى ئولەڭ ئېيتىپ كۈتتى. لېكىن كوپ پاراڭ بولمىدى. ئەھۋالغا ق ئولەڭ، دومبۇ رىغاندا سوھبەت قىلىشنى رەت قىلىش غەرىزىدە ئولەڭ، دومبۇ ئۇيۇشتۇرغاندەك قىلاتتى. ئەتىسى ساقچى باشلىقىنىڭ ھەمرالىغ ئوسمان بىلەن كورۇشكىلى باردۇق . سىنچىلاپ قارىغاندا قىرى ئوغرى ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ھەقىقەتەن باي نەرسىكە راسا ياخشى جاينى تاللاپ چۈشۈپتۇ — شىمال تەرىپى تىك قىيىل تاغ، جەنۇپ تەرىپى كەڭ ساسلىق، تۇرغان يېرىنىڭ ئومۇ يەر تۈزۈلىشى بىر چوڭ قاپاق شەكلىدە بولۇپ، ھېلىقى "ساۋ باشلىغى" ئەشۇ قاپاقنىڭ ئاغزىدا ئون نەچچە كىگىز ئويلۇك ئايالغ بىلەن تۇرىدىكەن. بۇ ئەلۋەتتە ئالدىنقى قاراۋۇل ئىدى. مىللى يەردىن غەرپكە قاراپ ماڭسا يول تارتىپدىكەن. تەخمىنەن ئ بو



مىنۇت يۈرگەندىن كېيىن قاپاقنىڭ ئىچىگە كىرگىلى بولىدىكەن. ئوسماننىڭ چوڭ قوشۇن شىتاۋى دەل مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئەۋەل ئىككى تەرەپتە قاتار تىزىلغان شىراقلىق مىلتىق ئاسقان قازاق ئەسكەرلەر، كىگىز ئويلەرگە يېقىن بارغاندا رۇس ئاتلىق ئەسكەرلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا قىلىچ، قولىدا ئاپتومات، باشلىرىغا كازاك قالپىغىنى كىيگەن، ھەرخىل ساقال - بۇرۇت قويغان رۇس ئاتلىق ئەسكەرلەر يار ئىدى. كىگىز ئوينىڭ ئالدىغا 4 دانە ماكسىم پىلىموتى، 82 كالىبىرلىق ئىككى مىنامىيوت قاتار قويۇلغان ئىدى. ئوسمان ئون نەچچە كىشىنىڭ ئوتتۇرد- سىدا ئىشىك ئالدىدا مېھمانلارنى قارشى ئالدى. ئۇ بېشىغا ئۇكە تاققان قازاقچە يېشىل تۇماق، ئۇچىسىغا يېشىل چاپان كىيگەن، بەستى قامەتلىك، چىرايى قىپ - قىزىل، بىر غېرىچ كەلگىدەك ساقال قويغان، خۇددى درامىملاردىكى پالۋانلاردەك كورىنەتتى. ئارقىغا ئوتتۇرىغاراق تىكىلگەن چوڭ بىر كىگىز ئوي خېلىلا ھەيۋەتلىك ئىدى.

ساھىپخان بىلەن مېھمانلار ئاز - تولا پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن ھاكىم ۋاڭ × × بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كۆچۈپ كەلگەن- لىگىنى ئەگىتىملەپ سورىۋدى، ئوسمان "قىشلاۋغا كوچتۇق" دەپ پەرۋاسىز جاۋاپ بەردى. ئوسمان گۆچۈك ئەتراپىدا نەچچە قىيىل تۇرغان، ئەلۋەتتە قىشلاقلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ 200 كىلومېتىردىن ئوشۇق يول يۇرۇپ بارىكولدە قىشلىغىلى كەلدۇق "ساۋدىسە ، ھېچكىممۇ ئىشەنمەيتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ساختا گېپىنى ئايالغان دەپ ئېيتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى توغرىسىدا تەشۋىق قىلسا، ئۇ يا "بولىدۇ" يا "بولمايدۇ" دىمەستىن، ماقۇل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

"شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلدى" دېگەن گەپلەرنى قىلىشقاندا، باشقا ئەل باشلىقلىرىدىن بىز ئاللىقاچان ئاڭلاپ يۈرگەن "بىزنىڭ باشلىغىمىز بېيجىڭدا......" دېگەن ھېلىقى مۇقامنى تەكرارلاپ قويدى، ئاخىرىسىدا نەق مەسىلە ئۈستىدە گەپ بولدى: "ئېيتىپ ئۆلتۈرۈلگەن رۇس قانداق ئادەم؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ، ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن: "ئۇ بىزدىن قاچقان ئادەم، نەچچە كۈن ئىزدەپ تاپالمىدۇق، ئېتىۋەتكەن بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق" دېدى. كوپچىلىك: "ئوسمان قاتتىق سىر ساقلايدىغان ئادەم ئىكەن، بۇنىڭ تېگىدە گەپ بار، ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن بۇ يەرگە كەلمىدى" دەپ ئويلاشتى. لېكىن قارا بوران قاچان كوتىرىلىدۇ؟ قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ھەممە كىشى دەككە - دۈككىگە چۈشكەن ھالدا ئوسماننىڭ ئۆۋىدىن قايتىپ چىقتۇق.

12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ ئالاقە باغلاش بۆلۈمىدىكى ھال سوراش ئۆمىكى باركۆلگە كەلدى. تۈەنجاڭ ۋاڭ چۈەندۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوسمان قەبىلىسىدە يەنە بىر قېتىم ھال سورىدى. بۇ چاغدىمۇ "مەن نىمە ئويدا، سەن نىمە كويدا" دېگەندەك ئىش بولدى. پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسكىلىكلىرىنى سۈرۈشتۈرمەي، يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كوپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نادان، ئەمما تەكەببۇر خۇمپەر "كىم كەلسە - كەلسۇن، ئوزەم بىلگەننى قىلىۋېرىمەن" دەپ ئويلىدى. بۇ ھال ئۇنى ئاقىۋەت ھالاكەت تەقدىرىگە ئېلىپ باردى.

شۇ چاغدا ھەربى قوشۇنلار تۇراقسىز بولىۋاتىدۇ دەيدىغان



گەپ - سوزلەر تارقالغان ئىدى. بۇ گەپ بىكاردىن - بىكار چىقمىغان ئىدى. ئاتلىق پولك 2 - ليەن ئىزۋوت كوماندىرى ۋاڭ جىڭخۇا ئەسلىدە باندىت بولۇپ، ناھايىتى ھىلىگەر نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ يەنە پەي، بەنلەردە ئۇرۇق - تۇققان جەمەتلىرى بار ئىدى. ھەربى تېخنىكا جەھەتتىمۇ مەلۇم بىلىمى بار، سوزگە چېۋەر، باشقىلارنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى. ئۇرۇق - تۇققان بۇرادەرلىرى ئىچىدە ئۇ تەبىئىي باشچى ھېساپلىناتتى. ئۇ چاپباشچىلىق ئۆگەنگەن ئادەم بولغاچقا، ئوقۇش تارىخىغا ئەھمىيەت بېرىلمىدىغان كونا ھەربى تۈزۈمدە مەنسۇپ ئورلىمىگەنلىكىگە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇقلۇق بىرىشكە رازىمۇ بولمايتتى. قۇمۇل توپىلىڭى ئۇنىڭغا ئۈمىت بېغىشلىدى. بىراق قوشۇنلار قاتتىق باشقۇرۇلغانلىقتىن توپىلاڭغا ماسلىشىپ كوتۇرۇلۇپ چىقالمىغانلىقى، ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىشىۋاتقانلىقىغا ھەسرەت قىلاتتى. كېيىنچە ھەربىلەرنى باشقۇرۇش سەل بوشاشتى، ۋەزىيەتمۇ تىنجىدى، ئوسمان باركۆلگە كەلگەندىن كېيىن ۋەزىيەت يەنە جىددىيلەشتى. ئۇ "ئەندى كەلگەن پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، مۇشۇ پەيتتە قوزغالمىسام، كېيىن ئازاتلىق ئارمىيىسى باركۆلگە يېتىپ كېلىپ، قوشۇنلار ئۇنى تەرتىپكە سېلىنسا، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ" دەپ ئويلىدى. بۇ قىسىمدىكىلەرنىڭ تولىسى يېڭى ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇرۇشقا كىرىپ باقمىغان، ئۇرۇشتىن قورقىدىغانلار ھەم ئائىلىلىرىنى سېغىنغانلار ئىدى. ئۇ، مۇشۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ: "ئوسمان توپىلاڭ چىقارغىلى تەييارلىنىۋاتىدۇ، ئاتلىق پولك ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ۋەھشىلەر-

چە قىبىنايدۇ“ - دەپ كەڭ ئىغۋا تارقاتتى. ئۇ يەنە: ”خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسى قۇمۇلدىكى ھەربىلەرنى قورالسىزلاندۇرغانـ
دىن كېيىن، خاڭغا ئېلىپ بېرىپ كومۇر قازدۇرۋاتىدۇ، قوسىغـ
غا تاماقمۇ بەرمەيدىكەن، قىسقىسى، بارىكولدە يە قىلىچ ئاسـ
تىدا جان بېرىمىز، ياكى بولمىسا ئىشلەپ ئاچلىقتىن ئۆلىمىز.
بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتارغىچە جاننى قولغا ئېلىپ ئىچـ
كىرىگە قېچىپ كەتكىنىمىز ياخشى“ - دىدى. ئۇ يەنە: ”بۇ بىپايان
چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كېزىپ ئۆتكىچە قۇرۇق قول ۋە يەكـ
كە - يىگانە ماڭساق، ئۆزەڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن. ئەڭ
ياخشى يول، قورال ئېلىپ ئاتلىنىپ بىرلىكتە گەنسۇغا كىرىپ
كېتىمىز، خالىغانلار بىللە ماڭسۇن (ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزى ئۇـ
لارنى كەينىگە ئەگەشتۇرۇپ باندىتلىق قىلماقچى)، خالىمىغانلار
بولسا، ھەركىم ئۆز يۇرتىغا قايتسۇن (بۇ ئالداش)“ دىدى
بۇ يالغان سوزلەرنى ئەسلىدە ئاسانلا ئېچىپ تاشلاشقا بولات-
تى. ئەپسۇسكى، كونا ھەربىي قوشۇنلاردا يۇقۇرى - تۆۋەن ئوتـ
تۇرىسىدا ئالاقە ئۈزۈك بولغانلىقتىن ئەھۋالنى ۋاقتىدا ئىگەللەش
تەس ئىدى، مۇشۇ بوشلۇق ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەت بەردى
ئۇلار پۇتۇنلەي ئاشكارىلىنىپ چىققان چاغدا، ئەھۋال يىغىشتۇ
رۇپ ئالغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن ئىدى.



1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەچقۇرۇن، ئىسكەخپى ئىشخانىغا كوچۇپ باردى. مۇھاپىزەت قىلىشقا ئالاھىدە
كىنچى روتىنىڭ لىيەنجاڭى ھاسىراپ - ھومۇدەپ پولك شتاۋەزىپە ئىزۋوتى قويۇلدى. كېچە سائەت 11 مەزگىلى گازارمىـ
غا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ روتىسى بىلەن مىناميوت روتىسىدىكىدىن بىر پاي ئوق ئېتىلدى. بۇ، قاچقۇنلارنىڭ ئاتامانى ۋاڭ
بەزى كىشىلەر ئىگەر - توقۇمنى، بەزىلەر ئورۇن - كورپىلىرىنىڭخۇا ئىزۋوت كوماندىرى پەيجاڭ ۋاڭ شۇچۇنى ئولتۇرۇشكە
تەييارلاۋاتقىنىنى، ئەھۋال ناھايىتى جىددىلىشىپ كەتكەنلىكىنى تقان ئوقنىڭ ئاۋازى ئىدى. ۋاڭ شۇچۇ شاڭخەيلىك چوڭ
دوكلات قىلدى. پولك كوماندىرى ۋاڭ چۈەندۇ ئورۇنباسارى كېچەك ۋاڭ شاۋلەينىڭ شىرەم جەمەتىدىن بولۇپ، باي ئائىـ

شىنىڭ يىگىلۇنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئېۋەتتى، ۋاڭ جىڭخۋا
ئۇنىڭغا: ”روتا كوماندىرلىرى ئىشنى ئادىل باشقۇرمايۋاتىدۇ.
كوپچىلىك بۇنىڭغا غەزەپلەنىدى. بۇنى پولك كوماندىرى
ئۆزى كېلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن“ دەپتۇ ۋە ”كوپچىلىك بىر
ئازدىن كېيىن پولك كوماندىرىنى ئىزدەپ بارىدۇ“ - دەپ تەھـ
دىت قىپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزى يامان ئىدى. پولك كوماندىرىنى قىسـ
تاپ پۇتۇن پولكقا تەھدىت سېلىپ، ئەڭ بولمىغاندا كوپرەك ئادەمـ
نى قاچۇرماقچى ئىدى. بۇ چاغدا بىردىن - بىر يول خەۋپ - خەـ
تەرنى مۇمكىن قەدەر يېنىكلىتىش - ئازايتىش ئىدى، تېلېفون سىملىرى
ئۈزۈپ تاشلانغان ئىدى. شۇڭا ئاتلىق ئەسكەر ئېۋەتىپ كويسۇ،
بىدىشاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا شەھەردە ۋەقە يۈز بېرىۋاتقانـ
لىقى، ھەربىي قوشۇنلارنى ئوبدان ئىگەللەپ، بۇلار بىلەن تىل
بىرىكتۇرۋېلىشتىن ۋە ئات - ئۇلاق، قورال - ياراقلارنى تارتتۇرۇپ
قويۇشتىن ساقلىنىش لازىملىقى ئۇقتۇرۇلدى. پولك ياردەمـ
چىسى شىڭ يىگلۇ شەخسەن ئۆزى ھاكىم بىلەن ساقچى ئىدارىـ
سىنىڭ باشلىقىغا: ئاھالىلارغا ھۇشيار بولۇپ، ئىشىك - دەرۋازىلىـ
رىنى تاقاپ، تالاغا چىقماي تۇرۇشنى دەرھال ئۇقتۇرۇپ قوـ
يۇشقا خەۋەر قىلدى. ئاندىن كېيىن شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسـ
ئول بولغان ئېغىر پىلىموت روتىسىغا بېرىپ قوشۇنلارنى باشـ
ۇردى. پولك قوماندان شتاۋى بىر ئاز پىنھان جايدىكى

لىسىدىن چىققان بايقۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گومىنداڭ
ئوفىتسىرلار مەكتىۋىنىڭ 18 - قارارىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ،
ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتلىق پولكتا پەيجاڭلىقتا تەيىن-
لەنگەن. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ۋاڭ جىڭخۋانىڭ "ۋاي ئاكا،
ۋاي ئۇكا" دېيىشىپ ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرۈشىنى ياختۇر-
مايتتى، بىر - بىرىگە زىددىيەتتى بار ئىدى. ۋاڭ جىڭخۋا باشقىلار-
غا تەھدىت سېلىپ قاچماقچى بولىۋاتقاندا، ئۇ، چىقىپ نەسھەت
قىلسا ۋاڭ جىڭخۋا ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. بۇ بىر پاي ئوق
ھەركەت سىگنالى ۋە بىرسىنى جايلاپ قالغانلارغا
قىلىش ھىلىسى ئىدى. ئۇ شايكىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ پولك
تاۋىغا بېسىپ كىرمەكچى بولدى. پولك شتاۋى قوراسى
قاراڭغۇ، ھېچقانداق ھەرىكەت شەپىسى بولمىغاچقا قارامىلىق
لەن ئىش قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداق قىلىپ يۈز نەچچە
لىق شايكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى.
قاپ - قاراڭغۇ ئۈن - تۈنسىز جىم - جىت ئىدى. "ئوغرىنىڭ
رىگى پوك - پوك" دىگەندەك كوچىدا كوپرەك تۇرۇشقا
قىلىپ ئۇدۇل سېپىل دەرۋازىسىغا ئات سالدى. ئۇلار
دەرۋازىسىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كورۇپ، "دەرۋازىنى
قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ بىز بىلەن بىر نىيەتلىك كىشىلەر
شايدۇ" دەپ ئويلاپ قالدى. ئەتراپقا ئەندىلا تۇۋلاي
قاندا ئېغىر پىلىموتتىن ياغۇردەك ئوق ياغدى. گەرچە
موتنىڭ ئاغزى ئىگىز قارىتىپ ئېتىلغان بولسىمۇ، ئۇلار
نىدىن ئاتلىرىنى قامچىلاپ قاچتى. (دەرۋازا ئېتىلىپ
ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالماي ئاھالىلارنى پاراكەندە
مىسۇن دەپ پولك تەرىپىدىن دەرۋازىنى ئەتمەسلىكنى
لاشتۇرغان ئىدى.)



تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئاھالىلار ئامان قالغىنىغا خوشال
بولۇشۇپ، كېچە ئاڭلىغان - كورگەنلىرى ئۈستىدە ئوز ئارا سوز-
لۇشۇپ كېتىشتى. گازارمىلاردا قېچىپ كەتكەن ئادەم سانى، ئې-
لىپ كەتكەن ئات - ئۇلاق، قورال - ياراق، جابدۇقلارنى ئېنىقلاش
بىلەن ۋە يۈز بەرگەن ئەھۋالنى يۇقۇرىغا دوكلات قىلىش بى-
لەن ئاۋارە ئىدى، يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بۇ قاچقۇنلارنىڭ
نەگە كېتىپ، نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلەتتى.

22 - چىسلا كۈنى بارىكولنىڭ شەرقىدە 100 نەچچە كى-
لومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قازاقلار بۇ قاچقۇنلارنى بىر ئېقىن
ئىچىدە توساپ تۇرغانلىقىنى، بۇ جاي ئۇلارنىڭ قىشلاۋى-
غا يېقىن يەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلدى. بۇ قاچقۇنلار
"بىز بۇيرۇق بويىچە بۇياققا كەلدۇق" دەپ يالغان ئېيتىپتۇ،
لېكىن بۇ قەبىلىدىكى قازاقلار شەھەردە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن
خەۋەردار بولغاچقا: "قەغىزىڭنى كورسەتسەڭ يول بېرىمىز" -
دەپ تۇرىۋاپتۇ. يەر شارائىتى قولايسىز ھەمدە قاچقانلار ئۇرۇش-
نى خالىماي، يۇرتىغا كېتىش كويىدا بولغاچقا، شۇنىڭدەك باش-
قا - باشقا بەن، پەي، لىيەنلەردىن قوراللانغان ئادەملەر بولغاچ-
قا، ئۇلارنىڭ قولىدا قورال، ئاستىدا ئات بولسىمۇ بوسۇپ كې-
تىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان، چېكىنىشكىمۇ مۇمكىن بولمايدى-
غان بىر مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. پولك بۇ ئەھ-
ۋالدىن خەۋەر تېپىپ مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنى ئۇلارغا
نەسھەت قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىش، چارە كورمەسلىككە كېپىللىك
قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ۋاڭ جىڭخۋا: "مەن بىلەن قاچقانلارنى
بىر روتا قىلىپ تۈزۈپ، ئوزەم روتا كوماندىرى بولىمەن" - دى-
گەن بىر شەرتنى قويۇپ تۇرىۋالدى. بۇ يامان غەرەزلىك
شەرت ئىدى. ئەگەردە بۇلار بىر روتا بولۇپ تۈزۈلسە، ئۇلارنىڭ

قانۇنغا خىلاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا يول ئېچىپ بەرگەنلىك بولۇپ، ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىش زورۇرلىقىدىن بىر قانچە قېتىم سوھبەت قىلىپ ئاخىرى "كېلىشىم" تۈزۈلدى: ئەسكەرلەر ئۆز قىسىملىرىغا قايتىدىغان، ۋاڭ جىڭخۇا مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولىدىغان بولدى. بۇ ھەقىقەتەن نائىلاج زەھەر يۇتقاندەك ئىش بولدى.

بۇ قاچقۇنلار 12-ئاينىڭ 26-كۈنى بىچارىلەرچە گازارمىغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار گازارمىدىكى بۇرادەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تارتقان جەبرى-جاپالىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ، ئەخمەقلىق قىلىپ قېچىپ قويغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى. پۇتىغا كىيگەن پىيمىسى چۈشۈپ قېلىپ ئايىغىنى ئۈششۈتۈپ قويغان ئىككى كىشىنىڭ پۇتلىرى كېسىپ تاشلاندى. بۇ سەلبى تەربىيە بولۇپ، ھەربىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېنىچلاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى. بۇنى يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلاندى دېيىشكە بولاتتى.

خەلق ئاممىسى ياخشى-يامانى پەرق ئېتەلەيدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلارغا توغرا باھا بېرەلەيدۇ، ۋاڭ شۇچۇ قاچقانلارنى توسۇش سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ناھىيە بازىرىدىكى ھەربى، خەلقلەر ئۇنىڭغا شۇ چاغدىكى شارائىتتا تەنتەنىلىك ھەسابلانغىدەك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەبرى ئۈستىگە خەلق ئېلىپ كەلگەن گۈل-چەمبىرەكلەر قويۇلدى.

ۋاڭ جىڭخۇالارنى قېچىشتىن توسۇپ قالغان ئوسمان قەبىلىسىنى (مەن خاتا ئەسلىمىگەن بولسام) خەلقلەر "بۇ ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئازات بولۇش ئەرپىسىدە قوشقان توھپىسى" دەپ قاراشتى.



## مۇشكۈللۈكلەرنى يېڭىپ داغدام يولغا چۈشۈش

باركۆلدىكى ھەربى ۋە مەمۇرى ئورۇنلار ھەقىقەتكە قايتىپ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ۋەزىيەت ئاساسى جەھەتتىن مۇقىملاشتى. "قىش كەلسە، باھار ئۇزاق كېچىكمەيدۇ" دېگەندەك 1-ئاي باركۆلنىڭ قەھرىتان سوغاق ئايلىرى بولسىمۇ، لېكىن خەلقلەر باھار يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىشماقتا ئىدى. شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيە مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. بىر مەھەل قالايمىقانلىشىپ كەتكەن تەرتىپمۇ تەدرىجى نورماللاشتى. كۆپ جايلاردا يېڭى ھاكىمىيەت تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىمۇ باشلاندى. 1-ئاينىڭ باشلىرىدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 26-دىۋىزىيىسى ئەۋەتكەن بىر نەپەر شتاپ مەسلىھەتچىسى باركۆلگە كېلىپ، باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولك 77-پولكقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىم ۋە پىيادە قىسىملار باتالىئونى بولۇپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ۋاڭ چۈەندۇ 77-پولكنىڭ پولك كوماندىرى بولدى. روتا كوماندىرلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۆزگەرتىلمىدى. جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن دوستلارنى پارتىيە ۋە خەلق ئېسىدىن چىقارمىدى. 1959-يىلى ۋاڭ چۈەندۇنى يېزا ئىگىلىك 7-دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى. دىمەك ئۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇننىڭ بىر يۇقۇرى دەرىجىلىك قۇماندانى بولۇپ قالدى.

پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى ئاتلىق پولك جەڭچىلىرىنىڭ سىياسى ئاڭى ۋە سىنىپى ئاڭ ـ سېزىمى ناھايىتى تېز يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر مۇنچە كىشىلەر ياشلار ئىتتىپاقىغا، پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى، بەزىلىرى كادىر بولدى. ھەربى، مەمۇرى خادىملارنىڭ تولىسى خىزمەتكە ۋە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھېلىقى قوشۇننى باشلاپ تاققا چىقىپ بەگ بولۇشقا ئورۇنغان ۋاڭ جىڭخۇا 1951 ـ يىلى تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاندى.



# پارلاق يولغا بۇرۇلۇش

## ـــ جاۋشىڭگۇاڭنىڭ قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنىڭ جەريانى توغرىسىدا ئەسلىمە

جاڭ فىن

لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىڭ قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا، جياڭ جيېشى خەلق ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليون كىشىلىك قوشۇنى گومىنداڭنىڭ مىڭ بىر جاپادا قۇرۇپ چىققان چاڭجياڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بوسۇپ ئۆتتى. 5 ـ ئايدا نەنجىڭ ئازات قىلىنغانلىقى جاكالاندى. جياڭ ھاكىمىيىتى گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتتى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى گارنىزون مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە جەنۇبى شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى جاۋشىڭگۇاڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق پەيتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى تازا بىئارام بولدى. پۈتۈن جەڭ مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ دالا ئارمىيىلىرى شەرقى جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ، غەربى جەنۇپتا توپلىنىشقا باشلىغان ئىدى. بىر تەرەپتىن ليۇ ـ دىڭ ئارمىيىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى سىچۇەننىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا

ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن خېلۇڭ قوشۇنى خۇ-
زۇڭنەننىڭ چىڭلىڭ چوققىسىدىكى (شەنشى) مۇداپىئە لىنىيىسىگە
ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى ھەمدە بۇلارنىڭ غەرپكە يۇرۇش قىلىدىغاندەك
ھەيۋىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېنېرال پېڭ دېخۇەي
باشچىلىقىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىرىنچى دالا ئارمىيىسىمۇ شىن-
جاڭنىڭ شەرقى چوڭ دەرۋازىسى لەنجۇغا قىستاپ كىرىشكە
ئازلا قالغان ئىدى. لەنجۇ قولدىن كەتسە ئۇزىنىڭ ھۇجۇمغا
ئۇچراش ئوبيېكتى بولۇشى شۈبھىسىز ئىدى. قارا شەھەر يىغىنى-
دىن كېيىن ئەڭ ئالى رەھبەر ھەقىقەتكە قايتىشنى قارار قىلىۋىدى،
جاۋشىگۇاڭ شۇ ئاندىلا بىئاراملىقتىن قۇتۇلدى.

توۋەندە ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر قانچە ۋەقەلەر توغرىسىدا سۆزلەپ
ئۆتمەكچىمەن.

## يەكەن ۋەقەسى

شىنجاڭ ھەربى قىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇشنى ياقلى-
غۇچىلار بىلەن تېنىچلىقنى ياقلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
بارغانسىرى كەسكىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، توساتتىن "يەكەن ۋ-
قەسى" پارتلىدى. بۇ ۋەقە ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلار ئۈچۈن زە...
بولۇپ، تېنىچلىقنى ياقلىغۇچىلار ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.
بۇ ۋەقە ئەسلى مۇنداق بولغان:

4 - ئاتلىق بىرىگادىنىڭ 7 - پولكىدىكى مۇئاۋىن پول...
كوماندىرى خۇڭ يادۇڭ بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىڭرىن...
ھەربى تەمىناتىنى قىسىپ قېلىپ، ئەسكەر سانىنى يالغان...



مەلۇم قىلىپ ئالغان تەمىنات بىلەن ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرغان-
لىقىنى بىلىپ قالغان. قوشۇندا ئاشلىق، خىراجەت، كىيىم-
كېچەك، ئاتلارنىڭ يەم-خەشىكى ۋە ھەتتا ئىگەر-جابدۇقلارمۇ
تۈگەپ قالغان ئىدى. تاڭنىڭ كوماندىر-جەڭچىلەرگە قىلغان
خىيانىتى خۇڭ يادۇڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ غەزى-
ۋىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ تولىمۇ مەككار، مىجەزى
قوپال، مەنمەنچى بولغاچقا، ئۇنىڭ يوقۇرىدەك قىلمىشلىرى خۇددى
ئوتقا ماي قۇيغاندەك تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇڭ
يادۇڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئىسيان كۆتەردى ۋە بىرىگادا
شتاۋىنى قورشىۋېلىپ، تاڭ جىڭرىننى زاڭ مالنى تاپشۇرۇشقا
قىستىدى. تاڭ ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى، شەھەر قولدىن
كەتسە جېنى ئامان قالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئېغىر پىلىموت
روتىسىنى كۈۋرۈكنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. بىراق، خۇڭنىڭ
ئىسيان كۆتۈرۈشى ھەربىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقى
ئۈچۈن، بۇ روتىنىڭ كوماندىرى كۈۋرۈك بېشىغا بېرىپلا تاڭغا
قارشى بايراق كۆتەردى. بىرىگادا شتاۋىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ
كۆزى يەتمىگەن تاڭ جاۋشىگۇاڭغا جىددى تېلېگرامما ئەۋەتىپ،
قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:
"خۇڭ يادۇڭ پىتنىگە، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى. ئۇنى ھەربى
سوت جازالىمايدىغان بولسا، توۋەندىكىلەرمۇ ئۇنى دورىشى
مۇمكىن." جاۋمۇ ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

جاۋ دەل شۇ پەيتتە تاۋسىيونىڭ ئۇنىڭ يەكەنگە بېرىپ
مۇشۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى جىددى تېلېگرام-
مىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ دەرھال بىر
كۆچەيتىلگەن باتالىيون تەشكىللەپ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى يۈي
... ۋە مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى جۇيۇرىنلارنى مەسئۇل

قىلىپ يولغا سالدى. دەل شۇ چاغدا خۇك يادۇك جاۋنىڭ يەكەنگە
ئەسكەر ئېۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغان
ئىدى. ئۇ جاۋغا تېلېگرامما ئېۋەتىپ ئۆز پىكرىنى دادىللىق بىلەن
ئوتتۇرىغا قويدى: "بىرىگادا كوماندىرى تاڭ ھەربى تەمىناتنى
قىسىپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇردى. كوماندىر – جەڭچىلەرنىڭ
ئۈچىسىنى ياپقىدەك كىيىمى قالمىدى. قورسىغى تويغىدەك تاماق
يېيەلمەي، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى.
ئەسكەرلەرنى باشلاپ تاڭنى قورشىۋالغانلىقىم ھەرگىزمۇ خائىنلىق
قىلىپ، ھەربى كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتنى يوقات-
قانلىقىم ئەمەس، مەقسىدىم زاڭ مالنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىنلا ئىبا-
رەت. مەن گەرچە تاڭغا قارشى تۇرسامۇ جاۋنى قەتئىي قوللايمەن."

جاۋ تاڭ بىلەن خۇكنىڭ تېلېگراممىسىنى غەزەپ بىلەن
يەرگە تاشلىدى – دە، كۈچەيتىلگەن يىگنىڭ ئارقىسىدىنلا يەكەن-
گە يېتىپ كەلدى.

جاۋ، خۇك يادۇكنىڭ خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ قىسىمنى كۆۋرۈك ئەتراپىدا قونالغۇغا توختاتتى،
جاۋشىڭۋاڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇستەڭ بويىدىكى بىر تۈگمەندە
قوندۇق. بۇ بىر كېچىنى ئىككىلا تەرەپ جىددىيلىكتە ئۆتكەزدى.

ئىككىنچى كۈنى مەن بۇيرۇققا بىنائەن، قىزىل بايراقچە
قادالغان قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن خۇك-
نىڭ تۇرار جايىغا باردىم ھەمدە يۈز يۈەن كۆمۈش تەڭگىنى
ئالغاچ باردىم. خۇك مېنى كۆرۈپ سەراسىمىگە چۈشتى – دە
ئالدىراش دەرۋازىغا چىقىپ مېنى كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنىڭغا
تۈگمەنگە بېرىپ جاۋنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىش توغرىسى-
دىكى كۆرسەتمىسىنى يەتكۈزدۈم ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى بولسۇن



ئۈچۈن يۈز سەر كۆمۈش تەڭگىنى تاپشۇردۇم. خۇك يادۇك
مۇئاۋىن باش قوماندانىنىڭ چولدىكى تۈگمەندە ياتقانلىقىنى
ئاڭلاپ، رەڭگى تاتىرىپلا كەتتى. كۆمۈش تەڭگە تۇتقان قولىنىڭ
تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپسۇسلانغان-
لىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ دەرھال ئادەم تەيىن-
لەپ جاۋغا بىر تومۇر كارۋات، ماي، گۈرۈچ، چوشقا گۆشى قاتارلىق
نەرسىلەرنى ئېۋەتتى ھەمدە ئۆزىمۇ مەن بىلەن بىللە تۈگ-
مەنگە كەلدى. خۇك يادۇك جاۋنىڭ ئالدىدا رەڭگى تاتارغان
ۋە سەراسىمىگە چۈشكەن ھالدا تۇراتتى. بىراق، جاۋنىڭ پوزىت-
سىيىسى مۇلايىم بولۇپ، خۇكغا قارىتا ئەيىبلەش ئىپادىسى
كۆرۈلمەيتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇكنىڭ ئەندىشىسى يوقالدى. جاۋ،
خۇكغا يېڭىشەھەرگە قىلىنغان مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ، قول
ئاستىدىكىلەردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىنتىزامسىزلىقنىڭ
ئالدىنى ئېلىشنى بۇيرىدى. خۇك بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىدى-
غانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كوزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: "مۇئاۋىن باش
قوماندانىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ مۇداپىئە رايونى-
مىزغا بېرىپ قىسىمغا سۆز قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن" دېدى.
جاۋ باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى مەن تاڭ جىگرىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇ-
نىڭغا جاۋنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېڭىشەھەرگە
باردىم. بىراق تاڭ سىپىل دەرۋازىسىنى زادىلا ئاچقىلى ئۇنى-
مىدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق جاۋغا بېسىم ئىشلەتمەكچى ئىدى.
مەن قايتماقچى بولۇۋىدىم، دەل شۇ چاغدا تاڭنىڭ كاتىۋى مېنى
توختاتتى. ئۇ تاڭنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ شۇنداق دېدى: "ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىزنى بامبۇك

سىۋتى بىلەن سىپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكىرمەكچى." مەن بۇنى
ئاڭلاپ ئاچچىقىمنا كۈلۈپ قويدۇم - دە، ئامالسىز ماقۇل بولدۇم.

تاڭ جىگىردىن مىنى كورگەندە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى
يوگەپ ئۇزاققىچە ئاچچىقلى ئۈنسىمىدى. بۇنداق قىلىشىنىڭ مەنىسى:
قوشۇننى ياخشى باشقۇرالمىغانلىغىم ئۈچۈن قالايمىقانچىلىقلار
يۈز بەردى، ئەمدى مىنىڭ سىزگە قارىغىنىدەك يۈزۈم قالمىدى،
دىگىنى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سىپىل دەرۋازىسىنى ئىچىپ
مۇئاۋىن باش قوماندانىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئىلىپ، يۈز
بەرگەن ئوزگىرىشنى بىرلىكتە ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى مۇزاكىرە
قىلىش توغرىسىدا كۈچۈمنىڭ يىتىشىچە تەربىيە بەردىم. تاڭ بۇنى
ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا شۇنداق جاكا قىلدى: "سىز مۇ-
ئاۋىن باش قوماندانغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، خۇڭ يادۇڭنى بىر تەرەپ
قىلمىغىچە مەن سىپىل دەرۋازىسىنى ھەرگىز ئاچمايمەن".

مەن جاۋغا تاڭنىڭ پوزىتسىيىسىنى يەتكۈزگىلى بارغان
چاغدا خۇڭ قوشۇننى يىغقان ئىكەن. قارىسام بۇ مىڭدىن
ئۇشۇق ئەسكەر سانجاق - سانجاق تىزىلىپ تۇرۇشقان بولۇپ،
بۇلار ھوكۇمەت ئىشىنى يەپ ئۇرۇش قىلىدىغان جەڭچىلەرگە
ئوخشىماستىن، ھازىرلا تۇرمىدىن چىققان مەھبۇسلارغا ئوخ-
شايتتى. ئۇلارنىڭ رەڭگى سامانىدەك سارغايغان بولۇپ،
قول ۋە يۈزلىرىنى قاسماق باسقان، كىگىزگە ئوخشاپ
قالغان ئۇزۇن. چاچلىرى قۇلاقنى ياپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئۇچىسىدىكىنى كىيىم دىگەندىن كورە لاتا - پاتا دىگەن
تۈزۈك ئىدى. بەزىلىرىنىڭ ئىشتىنى ھەتتا نومۇس يىرىنىمۇ
ياپالمايتتى. بۇلارنىڭ كوپ قىسمى يالاڭ ئاياق ئىدى. ئاز
بىر قىسىملىرى ئاياق كىيگەن بولسىمۇ، پۇتىنىڭ يارىماقلىرى



كورۇنۇپ قالغان ئىدى. ئەسكەرلەر خورلۇقتىن كوزلىرىگە ياش
ئالغان ھالدا جاۋشىڭگۇاڭغا قاراپ تۇراتتى. جاۋنىڭ ھودۇق-
قانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرگەن ھالدا
لام - جىم دىمەي تۇردى. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئەھۋال سوراپ
يولىيورۇق بەردى ۋە مىڭ سەر كومۇش تەڭگە ۋە ئون مىڭ
يۈەن قەغەز پۇلنى كوماندىر - جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بىرىش
ئۈچۈن بەردى.

تاڭ جىگىردىن جاۋشىڭگۇاڭنىڭ بىسىمى ئاستىدا ئامالسىز
سىپىلنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. جاۋ، تاڭغا يەكەندىن دەرھال
چىقىپ كىتىشىنى، ئۇنى يەنە باشقا ئەمەلگە قويماقچى ئىكەن-
لىگىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئوتكەندىكى ۋەزىيەت يەنە
تەكرارلىنىدىغانلىغى توغرىسىدا بۇيرۇق بىردى، تاڭ ئوپ
ئوچۇقلا، باشقا ھەر قانداق شەرتنى قوبۇل قىلالايدىغانلىغىنى،
بىراق كونا قىسمىدىن كىتىشكە قوشۇلمايدىغانلىغىنى ئىيتتى.
تاڭ ئەسلىدە تاۋنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ھەم ئۇنىڭ
بىلەن يۇرتداش بولغاچقا، ئۇنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ
ھىچنىمىدىن قورقمايتتى. شۇڭا ئۇ جاۋنىڭ بۇيرىغىغا پىسەن
قىلمىدى. ئەسلىدە تاۋ، تاڭنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئالمىقاچان خەۋەر
تاپقان بولۇپ، پەقەت ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولمىغانلىغى ۋە
قىسمىنىڭ كەيپىياتى چىچىلاڭغۇ بولغانلىقتىن تاڭغا چارە
كورۇلسە "توشقاننىڭ ئولۇمىگە تۈلكە ھازا تۇتۇپتۇ" دىگەندەك
ئىش بولمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا چارە كورۇشنى كىچىكتۈرگەن ئىدى.
ھازىر تاڭنىڭ جىنايىتى چىكىدىن ئاشقان بولۇپ، بۇ دەل
ھەربى ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنىڭ پەيتى ئىدى. شۇڭا تاۋ، جاۋغا:
"يەكەن ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا سىز تولۇق ھوقۇقلۇق"

دەپ تىلىگىراما ئىبۋەتكەن ئىدى، جاۋ باشتا بۇ تىلىگىراممىنى تاڭغا كورسەتمىدى. تاڭ ئاخىردا تەكەببۇرلۇق ۋە يولسىزلىق قىلغاندىلا جاۋ غەزەپلەنگەن هالدا تاۋنىڭ تىلىگىراممىسىنى تاڭنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ جىگىرىن پارلىق ئامااللارنى قوللۇنۇپ ئارىغا كىشى قويۇپ باقتى. بىراق، بەرىبىر ئەمەل ۋە ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىندى. يەكەن ۋەقەسى شۇنىڭ بىلەن بېسىقتۇرۇلدى.

## بىر پارچە مەخپى تىلىگىراما

تاۋ سىيۇي، جاۋشىڭگۇاڭلارنىڭ تىنىچلىقنى ياقلاش كوز قارىشى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ماچىڭشياڭ، يې چىڭ، لوشۇردىن قاتارلىق ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ تىنىچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تىلىگىراما ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئارمىيە ئىچىدە "شىنجاڭ ئۇرۇش قىلىشى كېرەك"، "ئۇرۇش قىلىپ بىر ئادەم، چوقۇم ئۇرۇش قىلىپ بىر ئادەم بىردانە مىلتىق قالسىمۇ تەسلىم بولمايمىز" دېگەندەك غۇلغۇلىلار كوپۇيۇپ كەتتى. دېمەك، تىنىچلىقنى ياقلىغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخى ئاياغلاشمىغان ئىدى. قىسىمنىڭ ھەققەتكە قايتىش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 24 ـ سىنتەبىر ئاخشىمى جاۋشىڭگۇاڭ مايوردىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلارنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. جاۋ قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى يەكەن ۋەقەسى بىلەن باغلاپ سوزلىدى. (تاۋمۇ بۇنى پولكوۋنىكتىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسىرلار يىغىنىدا سوزلىگەن ئىدى). ئۇ شۇ ئارقىلىق يۈز مىڭ "يە-



كەنچە" قىسىم بىر ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېگەن مەسىلىنى ياندىپ ئوتتى ھەمدە ئۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ تىنىچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەر خىل ئىنتىۋالىرىغا رەددىيە بەردى.

25 ـ سىنتەبىر كۈنى سەھەردە جاۋ مېنى ئۆز ھوجرىسىغا چاقىرىپ، تەمكىن ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى: "بۈگۈن سىزگە قەتئى مەخپى بىر ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، سىزنىڭ ئېھتىيات بىلەن بېجىرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. قىلچىمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ." ئۇ كوركەم ياسالغان يوغان بىر دانە كونۋېرتنى ئۆز قولى بىلەن يانچۇغۇمغا سېلىپ، يانچۇغۇمنىڭ توگمىسىنى ئېتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: "ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ، ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. كونسۇلغا ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرىشىڭىز ھەمدە ئۇنىڭدىن ھوججەت ئېلىۋېلىشىڭىز كېرەك". ئۇ مېنى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئاندىن قايتتى.

مەن ئۆزەم جىپ ماشىنا ھەيدەپ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا باردىم ۋە ئەجەپلەندىم. ئادەتتە دەرۋازىسىنى مەھكەم بېكىتىۋالىدىغان سوۋېت كونسۇلخانىسى بۈگۈن نىمىشكە دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىۋەتتىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك ماشىنام دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ لى پامىلىلىك مۇدىرى بىلەن كاتىپ مېنى كۈتۈۋالدى. قوبۇلخانىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا تەييارلانغانلىقى ئېنىق ئىدى.

كونسۇل ئىگىز بويلۇق بىر ئورۇس بولۇپ، خەنزۇچىنى

قوپال، ئەمما تولۇق سوزلەيتتى. بىز قول ئىلىشىپ ئۇز ئارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا جاۋشىڭگۇاڭنىڭ مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزدۈم. كونسۇل مېنى بۇ مەخپىيەتلىكتىن خەۋىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، مەندىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بىز قوش كىشىلىك كىرىسلودا يانمۇ - يان ئولتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن تېلېگراممىنى ئارگىنالىنى ئېنىق كورۇشكە بولاتتى . ئارگىنالدا مۇنداق يېزىلغان ئىدى: "ماۋجۇشى، جۇدې باش قوماندان: مەن شىڭگۇاڭ جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئىككى مىليون ھەربى ۋە خەلققە ۋاكالىتەن شۇنداق جاكا قىلىمەنكى، گۇاڭجۇ گومىنداڭ ھوكۇمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بارلىق بېرىش - كېلىشنى توختىتىپ، جوڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، سەككىز تۇرلۇك يىگىرمە تۇت ماددىغا ئەمەل قىلىمەن." بۇ مەخپى تېلېگراممىنى نىمە ئۈچۈن سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئېۋەتىدىغاندۇ؟ مەن بۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم. كېيىن بىلىشىمچە، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ بېيپىڭ بىلەن پوچتا - تېلېگراپ ئالاقىسى قىلىشالمايدىغان بولغاچقا، تېلېگرامما سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق موسكۋادا تۇرۇشلۇق شىنخۇا ئاگېنتلىقىغا ئېۋەتىلىپ، شۇلار ئارقىلىق ماۋجۇشى ۋە جۇدې باش قوماندانغا يەتكۈزۈلىدىكەن .

جاۋنىڭ ئايالى سەي لىندىن ئاڭلىشىمچە، جاۋنىڭ مەخسۇس تېلېگرامما ئېۋەتىشىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ۋاكالىتەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت، يەنە بىر مەنىسىمۇ بار ئىكەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جاۋ دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ،



خۇاڭخې دەرياسى بويىدا دەريا مۇداپىئەسىنى ساقلىغان چاغدا جۇدې باش قوماندان (شۇ چاغدا جوڭگو ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئىدى) كوزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، جاۋنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەتئى قارشى تۇرۇپ، جوڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرغان ئىكەن. بىرىنچى دالا ئارمىيىسى لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتتە جۇدې باش قوماندان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاۋشىڭگۇاڭ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، گەرچە ئارىدىن ئون يىل ئوتكەن بولسىمۇ جاۋنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالىغان، شۇنداقلا جاۋنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارار قىلغانلىقىنى كوپ ماختىغان. جاۋ بۇنى ئاڭلاپ كوپ تەسىرلەنگەن. كېيىن ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا مۇنداق دېدى: "مەن جوڭخۇا (جاۋنىڭ لەقىمى) ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن پۇخرا ئۈچۈن ئىشلەپ، پىشقەدەم بىرىگادا كوماندىرىنىڭ (جۇدې باش قوماندان ئەينى يىللاردا يۈەن شىكەينى ئازلاش ئارمىيىسىدە بىرىگادا كوماندىرى بولغان) ماڭا قىلغان ئەقىدىسىگە جاۋاپ قايتۇرىمەن."

## ئاخىرقى كورۇنۇش

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنغانلىقى، تاۋسيۇي، جاۋشىڭگۇاڭ قاتارلىق ئىككى گېنېرالنىڭ ۋە بۇرھان ئەپەندىنىڭ جوڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان توھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ گومىنداڭنىڭ يۈز مىڭ ھەربى، مەمۇرى خادىم-

لىرىنى ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق چارىسى بولدى. بىراق، يىپ چىڭ قاتارلىق كىشىلەر سۈيىقەست پىلانلاپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق سالدى. گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ بولدى.

28 - سىنتەبىر كۈنى گارنىزون قوماندانلىق شىتاۋى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى. 29 - سىنتەبىر كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى گومىنداڭ پىرقىسى بىلەن ئاجرالغانلىقىنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى (بۇ چاغدا ئارمىيە ئىچىدە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش تېخى ئېلان قىلىنمىغان ئىدى). ۋالىي مەھكىمىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى يەرلىكتە زور تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ، بولىشچە ئەسكىلىك قىلىپ خەلقنىڭ شىللىسىغا مىنىۋالغان بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدار، باي - زومىگەرلەر ئۆز گۇنالىرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورقۇپ ئارقا - ئارقىدىن جاۋ شىڭگۇاڭنىڭ قېشىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ باياناتىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا ۋالىي مەھكىمىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى ئۆتۈنەتتى. ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ھاكىم، رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار ھەرقانچە سوزمىلىك قىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكسىمۇ جاۋ شىڭگۇاڭ ئۇلارغا ئېتىۋار بەرمىدى ۋە ھەتتا سوغاق مۇئامىلىدە بولدى. بۇلار جاۋ شىڭگۇاڭنى كوز يېشى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشكەندىن كېيىن چىقىش كېتىشتى، باي سودىگەرلەر، يېزا زومىگەرلىرى تېخىمۇ ئالاقزادە



بولۇپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى جاۋ نىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشلاپ، گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىشەتتى. بۇنداق چاغدا جاۋ مۇھاپىزەتچىگە مېھاننى ئۇزۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى.

دەل شۇ كۈنى كەچتە، ئۇرۇشنى تەكىتلىگۈچى مۇھىم كىشىلەردىن يىپ چىڭ ، لۇشۇردىن، ماچىڭشياڭ قاتارلىقلار نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، جاۋشىڭگۇاڭنىڭ قوماندانلىق شىتاۋىغا كېلىشتى. جاۋ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۈشتى ھەمدە زىياپەت بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. دەستۇرخان ئۈستىدە يىپ، لۇ، مالار گەپ ئەگىتىپ، جاۋغا داتلىنىپ، ئۇنىڭ كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، باش ئەگمەي دەرھال ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش يولىنى توسۇشىنى ئۈمىت قىلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئاتلىق 9 - بىرىگادىدىن جىددىي تېلېفون كەلدى. بۇ بىرىگادىنىڭ دوكلات قىلىشىچە، يېرىم كېچىدە قەشقەر ۋالىيسى ئۆمەر داموللا يوقاپ كېتىپتۇ. تېلېفوننى بەرگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئۇچۇرى يوق دېيىلگەن. تېلېفوندا يەنە بۇ توغرىدا مۇئاۋىن قوماندانىنىڭ يوليورۇق بېرىشىنى سورىغان. جاۋ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چوچىدى ھەمدە 9 - ئاتلىق بىرىگادىغا ھەر قانچە چىقىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆمەر دامولىنى چوقۇم تېپىپ كېلىشنى بۇيرىدى. ئۆمەرنىڭ يوقۇلىشى ئۇرۇشنى تەكىتلىگۈچىلەرنىڭ ئالدىن پىلانلىغان سۈيىقەستى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىدى جەنۇبىي شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق جاۋ شىڭگۇاڭنى ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىماقچى ئىكەن.

كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، ئۇمەر ھەقىقەتەن ئۇرۇشنى تەكىتلىگۈچى يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن قامالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئۇمەرنى ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا ئېلان قىلغان باياناتىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇرلاش ئىكەن. بىراق ئاتلىق 9 - بىرىگادا بۇيرۇقنى كەسكىن ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن مالىمانچىلىق يۈز بەرمىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئارمىيە ئىچى ۋە يەرلىكنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. گېنېرال جاۋشىگۇاڭ ئۇرۇشنى تەكىتلىگۈچىلەر چېگرىدىن ئۆتكەندە باشقىچە ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ خاتىرجەملەندۈرگەندىن تاشقىرى، غەزىنىدىن بىر نەچچە ساندۇق (بىر ساندۇغى تۆت مىڭ سوم) كۈمۈش ئەچىقتۇرۇپ يې، لۇ، مالارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلار يولغا چىققاندا مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىممۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى.

ئارقىدىنلا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى يۈز مىڭلىغان ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى تاۋسىيۈې، جاۋشىگۇاڭ قاتارلىق ئىككى نەپەر گېنېرال ۋە بۇرھان ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىپ، شەرەپلىك ھالدا قايتا تەشكىللەشنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر قوشۇن بولۇپ قالدى.



# ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى قورشىۋېلىشى ۋە "ئالتايىسكى" لەرگە توسۇپ زەربە بېرىشى

جۇ جيەنجىڭ

## تۇنجى ئېلىشىش

مەن 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدىن سانجىدىكى ئارىلاشما پولكقا يۆتكىلىپ باردىم. سانجىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا 1 - ئايدا ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا سانجى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش يولى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. بىز ئۈرۈمچى تەرەپكە ئاتلىق رازۋېت قىلىشقا بىر ليەنجاڭنى ئېۋەتتۇق. ئۇ، دىيوپۇغا كەلگەندە ئالدى تەرەپتە گۇمانلىق ئەھۋال بارلىقىنى سېزىپ دەرھال قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلدى. ئۇ چاغدا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي ھالەتتە بولۇپ، ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك، ئۆز ئارا گۇمانلىنىشتەك قاراش ئومۇمىي يۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكىلەر ھېچنىمىدىن خەۋەردار بولالمايتتى. ئۈرۈمچىنىڭ قورشىۋېلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ

بىلمەيتتى. پولكىمىزنىڭ ۋەزىپىسى سانجى، قۇتۇبى ئىسكىكى
ناھىيىنىڭ ئامانلىغىنى ساقلاش ئىدى. غەربى يولدىن بىر
تۇركۇم ئورۇس قوشۇنلىرى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ كېلىپ
قالدى. ئۇلار ئۇزلىرىنى "ئالتايىسكى" دەپ ئاتايتتى. كوپ قىس-
مى ئاتلىق، ئازراق بىر قىسىمى پىيادە بولۇپ، پىيادىلىرى
ئاتلىقلار بىلەن تەڭ ماڭاتتى. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ پۇتلىرىدا
كاڭكى بولۇپ، ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا باغلانغان ئاغامچىنى تۇتۇپ
ئات بىلەن تەڭ ماڭاتتى. ئاتلىق پولكنىڭ پولكوۋنىگىنى ۋۇتۇەنجاڭ
دەپ ئاتىشاتتى. بۇ قىسىم ئەسلىدە ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىدىن
قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەن پىدائى قىسىملار بولۇپ، سانجىدىن
ئوتۇپ تۇدۇڭخې دەرياسىغا كەلگەندە ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى
تۇيۇقسىز توساپ زەربە بەرگەنلىكتىن قايتىپ كېلىپ سانجى نا-
ھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دەڭلەرگە جايلاشقان ئىدى. پولك
شىتاۋى شەھەر ئىچىدىكى بىر قوراغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ چاغدا
بىزبۇ قىسىمنىڭ نامى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچ-
نىمە بىلمەيتتۇق، ھوكۇمەتتىكىلەر بىزگە پەقەت غەربى يولدىن
ئۇرۇمچىگە ياردەم بېرىشكە كەلدى دېگەندىن باشقا مەلۇمات
بېرەلمەيتتى. بىز، شىنجاڭدا بۇرۇن بۇنداق "ئالتايىسكى" دەي-
دىغان قىسىمنىڭ يوقلىغىنى ئويلاپ ئەجەپلەندۇق، بىراق ئۇلار-
نىڭ قورال يارىغى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلە
ئالتايدىكى جۇڭگو تەۋەلىگىگە ئوتكەن ئاق ئورۇس قىسىملىرى
بولسا كېرەك، دېيىشتى. ئىشقىلىپ بىز شىنجاڭدا ئۇلارنىڭ
قورالىدەك قوراللارنى زادىلا كورمىگەن ئىدۇق. بۇ بىر چۇشۇ-
نۇكسىز ئىش ئىدى.
ئۇلار تۇدۇڭخې دەرياسىدا توسۇلۇپ زەربىگە ئۇچرىغاندىن



كېيىن ئالغا ئىلگىرلىيەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىم-
لىرى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئۇلار بۇرۇن ماجۇڭيىڭنىڭ
قىسىملىرىنى بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان بۇلاڭچىلار دەپ ئويلاش-
قان بولسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇچ كۇن ئۇرۇشۇپمۇ
تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئوتەلمىدى. بىر كۇنى كەچتە ماجۇڭيىڭنىڭ
قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىدىن تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ دەريادىن ئوتكەندە "ئالتايىسكى" لەر پۇتۇن لېنىيە
بويىچە مەغلۇپ بولۇپ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئېغىر
ياردارلارنىڭ ھەممىسى سانجى نەنگۇەندىكى دەڭلەرگە ئورۇن-
لاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار ياردارلارنى يوتكەشكە ئۇلگۇرەلمىگەندە
ئۇينىڭ تېمىنى كولاپ ئورۇۋېتىپ، ياردارلارنى تامغا باستۇرۇ-
ۋېتىپلا ئىشنى تامامىلىدى . شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالغانلارنىڭ
ھەممىسى دەرۋازىنى ئېتىپ سېپىل ئۇستىگە چىقىۋالدى. بىزنىڭ
قىسىملىرىمىزمۇ سېپىل ئۇستىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئارى-
لىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەرتىپ قالايمىقانلاشتى. ئەنە
شۇ چاغدىلا مەن ئۇلارنىڭ قورال-ياراق، كىيىم-كېچەك ۋە
چىراي شەكلىگە دىققەت قىلدىم، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يىگىر-
مە ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاق ئورۇس قىسىملى-
رىغا ئوخشىمايتتى. گەرچە ھەممىسى ئوخشاش جۇۋا، پاختىلىق
چاپان كەيگەن بولسىمۇ، ئىشتانلىرى ھەر خىل رەڭدىكى يېرىك
سوكنودا تىكىلگەن ئەستەرلىك ئىشتانلار بولۇپ، تولىمۇ رەتسىز
كورۇنەتتى. قوراللىرى سوۋېتتە ئىشلەنگەن يېڭى قوراللاردىن
بولۇپ، ھەر بىرى ئۇچتىن بوتۇلكا شەكىللىك گىرانات ئېسى-
ۋالغان ئىدى. بۇ خىلدىكى گىراناتنى مېنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى
قېتىم كورۇشۇم ئىدى، ئۇ يېرىم جىڭلىق هاراق بوتۇلكىسىغا ئوخ-

شايىتتى، ساپىغى تومۇر ئىدى. ئوفېتسېرلارنىڭ ھەممىسىدە تاپانچا بار ئىدى. بۇ تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار جۇڭگو قىسىملىرىدىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. ژورنال، گېزىتلەردىكى سۈرەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ئوخشىمايتتى.

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى شۇ كۈنى سانجىنىڭ نەنگۈەن ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرلەشنى توختىتىپ دەريانىڭ جەنۇبى قىرغىقىغا قايتىپ كەتتى. نەنگۈەندە تۇرۇشلۇق خۇيزۇلار شۇ كۈنى كېچىسى ۋە ئىككىنچى كۈنى يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ سېپىل ئۈستىدىكىلەرنى داۋاملىق ياردار قىلىپ تۇردى. شۇ سەۋەپتىن قىسىمدىكىلەر ئۆز ئىچىمىزدە دۈشمەن بار ئىكەن دەپ بىلىپ شەھەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۇلاربىلا ئۈستىگە ئالدى - دە باشقا قىسىمدىكىلەرنى چېكىندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئەسلىدىكى تۇرار جايىمىزغا قايتتۇق. بىرسى بۇ قىسىمنىڭ قۇماندانلىق شتاۋىغا (پولك شتاۋىغا)، يوشۇرۇنۇپ ئوق ئاتقانلار شەھەرگە يوشۇرۇنغان خۇيزۇلار دەپ مەلۇم قىپتۇ. شۇ نىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرى شەھەردە چارلاش ئېلىپ باردى. بىر كۈنى بىر ئۆگزىدىكى ئوت - چۆپ ئارىسىدا بالىسىنى ئادەم بارلىقىنى سېزىپ ئۆگزىگە چىقىپ بىر ياش بالىسىنى كۆرۈپ بىر قانچە دانە قۇرۇق مىشەكنى ئويناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يوشۇرۇن ئوق ئاتقان ئادەم مۇشۇكەن دەپ تىل ئۇقۇشمىغانلىقتىن ئەكشۈرمەيلا ئۇ بالىنى شىتىك بىلەن سانجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. كېيىن شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئوغلى بىر نەچچە كۈنىڭ ئالدىدا سىرتتىن بىر قانچە قۇرۇق مىشەكنى تېپىۋالغان ئىكەن. سىرتنىڭ ئەھۋالى جىددى بولغانلىقتىن سىرتقا چىقال



مىغان بالا ئۆگزىدىكى ئوتنىڭ دالدىسىدا ئاپتاپ سۈنغاچ مىشەكلەرنى ئويناپ ئولتۇرغان، چارلىغۇچىلار كۆرۈپ گۇمانلىنىپ ناھەق ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاھالىنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كېتىپ ئىشىكلىرىنى چىڭ ئېتىپ سىرتقا چىـ قالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىراق بۇ قوشۇننىڭ ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلىرىنى يەنىلا پۇخرالار ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. نەتىجىدە شۇنىڭغىمۇ ئادەم چىقىرالمايدىغان بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى تەمىنات ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ناھىيىلىك ھوكۈمەت، قۇماندانلىق شتاۋىغا بۇ توغرىدا پىكىر قىلغاندا قۇماندانلىق شتاۋى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشى خۇيزۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغانلىقىنى، يۇقارقىدەك ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بېرىشى ئاساسەن خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنى پەرق ئېتىشنىڭ قىيىنلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل ئۇقۇشمىغانلىقتىن بولدى دەپ چۈشەندۇرگەن. بۇ توغرىدا سۆزلەشكىلى بارغانلارغا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەھەردىكى خۇيزۇ نوپۇسىنىڭ ئومۇمى سانىنى ئېلىش، قالايمىقانچىلىق چىقماسلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن سولاپ قويۇش كېرەك دەپ پىكىر قىلغان. بىر كۈنى كېچىدە "ئالتا - يىسكى" لەرنىڭ بىر كادىرى بىر نەچچە ئەسكەر ۋە بىر تەر - جىمانىنى باشلاپ كېلىپ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئىككى نەپەر خۇيزۇ خىزمەتچىنى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئەھۋال ئىگەللىمەكچى بولسا كېرەك دەپ ئويلىۋىدۇق، شۇ ئېلىپ كەتكەنچە بىر كېچە قايتۇرۇلمىدى. ئىككىنچى كۈنى كىشىلەر شەھەرنىڭ غەربى چېتىدە مىلتىقنىڭ نەيزىسى بىلەن سانجىپ ئۆلتۈ- رۈلگەن بىر قانچە ئون خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزدىن ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭمۇ جەسىدى بارلىقىنى كۆرگەن.

# ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ جاھالىق بىلەن قارشى تۇرۇشى

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ياردەمگە كەلگەن قىسىملارنى سانجىغىچە قوغلاپ كېلىپ ئۇلارغا ئوز كۈچىنى تۇنجى قېتىم تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بوش چاغلىمايدىغان بولدى. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەريا سىنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ ئوزلىرىنى "ئالتا يىسكى" دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى قىسىم بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن سوقۇش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مەملىكىتىدىن ئېغىر قورال - ياراق ۋە ئەسكەر يوتكەپ كەلدى ئۇلار ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يېڭەلمىگەنلىكىنى سەۋەبىنى بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى ۋە قارش تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى تولۇق ئىگەللىيەلمىگەن لىكتىن دەپ قاراشتى. يەنە بىر نەچچە كۈنمۇ ئۆتتى. ئۇرۇ ھېچقانداق ئىلگىرلەشمۇ بولمىدى، ئارىلىقتا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا يوشۇرۇن پوتەي ئىستىھكاملار قۇرۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدى. دەريا كاتىگى ۋە كەڭرى بولغانلىقتىن بۇ جايدا قېلىن قارلار دۆگلىنىپ راتتى. يوشۇرۇن ئىستىھكامدىن دەريا يۈزىنى كۆزۈتۈش ناھايىتى مۇ ئوڭاي بولۇپ، دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇ تەرىپى ناھايىتى ئېنىق كورگىلى بولاتتى، ئەگەر قارشى تەرەپ دەريادى ئۆتمەكچى بولسا دەريا يۈزىدە ئاشكارىلىنىپلا قالاتتى - دە، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇلارنى ئاسانلا يوقۇتالايتتى. بىر كۈ ئۇلار ئىككى - ئۈچيۈز كىشىلىك پىدائىي قىسىم ئۇيۇشتۇرۇپ، ب



يادىن ئۆتمەكچى بولدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى - ئۈچ خىلدىن قورال ئېلىشىپ ئۈستىگە ئاق خالات كىيىشكەن ھالدا قاراڭغۇ چۈشكەندە يولغا چىقىشتى، ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى ماجۇڭ- يىڭ قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشسا ئۇلار دەريانىڭ قارشى تەرىپى- نىمۇ ئىگەللىۋالاتتى. بىراق بۇ زەربىدار ئەترەت دەريانىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكەندە خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك يوقالدى، ھەتتا بىرەر ئادەممۇ تىرىك قايتىپ كېلەلمىدى. بەلكىم بىرەر پاي ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئەسىرگە چۈشۈرۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋالدىن قوماندانلار گاڭگىراپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىتقا گوش مانتىسى ئاتىدىغان ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىككىنچى قوللانمايدىغان بولدى. كېيىن ئۇلار قارشى تەرەپنى توپقا تۇتتى. بۇنىڭ بىلەنمۇ دەريادىن ئۆتەلمىدى.

ئۇلارنىڭ جېنىدىسى يالغۇز بولۇپ ئوڭ - سول تەرىپىدە خوشنا قىسىملار يوق ئىدى. بىر كۈنى ئولكە ئارمىيىسىدىن "ئالتايسكى" لەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقان بىر خەۋەرچى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ جېنىدىسىدىن ئۆتۈشكە توغ- را كېلىپ جېنىدىگە يېقىنلاشقاندا جىددى ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ - دە، بۇ يەردىن ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولماي- دىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئۆزىنى بىر توپ يوغان دەرەخنىڭ ئالدىسىغا ئېلىپ ئەھۋال كۆزىتىدۇ. دەل شۇ چاغدا "ئالتايىس- كى" لەر ئالدى تەرەپتىكى بىر قانچە ئېغىز كونا ئويلەرنىڭ تاملىرىدىن توشۇك ئېچىپ شۇ توشۇكلەردىن قارشى تەرەپكە ئوق چىقىرىۋاتقانلىقىنى، قارشى تەرەپتىكى ما جۇڭيىڭ قىسىملى- رىمۇ ئۇلارغا داۋاملىق تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى كورىدۇ. بىردەم-

دىن كېيىن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇچ چېكىنىشنى توختۇ-
تۇپ، ئۇرۇشلىرىدىن تۇرۇپ قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ "قورالنى
تاپشۇرساڭلا ئۆلتۈرمەيمىز!" دەپ توۋلاشقان هالدا قارشى تەرەپ
نىڭ ياغدۇرۇۋاتقان ئوقلىرىغا پەرۋاقىلماي يان تەرەپتىن ئوقتەك
ئېتىلغان پېتى كونا ئۈيىنىڭ تام تۈۋىگە يېتىپ باردۇ ۋە توخ
تىماي ئوق ياغدۇرۇۋاتقان بىر پىلىموتنى ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ
سىرتقا تارتىپ يېرىمىنى چىقىرىۋالدۇ. شۇ ئارىلىقتا باشقى
لار كونا ئۈيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ نەيزىۋازلىق قىلىدى
خەۋەرچى يۇقارقىلارنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەن ئىدى.

ئۇرۇمچى، "ئالتايىسكى" لەرنى دەرهال كېلىپ ئۆزلىرى
نى مۇهاسىرىدىن قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىتاتتى، بىراق ئۇلار تۇدۇكخ
دەرياسى بويىدا يىگىرمە نەچچە كۈن توسۇلۇپ قالدى، كېيى
زەمبىرەك سانىنى كوپەيتىپ ئىككى-ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتى
سەپتىن دەريانىڭ قارشى تەرىپىنى كېچە-كۈندۈز توختىما
توپقا تۇتۇدۇ. ئۈچ دانە ئايروپىلان ئاسماندا كۈن بو
تىنماستىن بومبا تاشلايدۇ، ئۈچ كۈن كۈچنى مەركەزلەشتۈر
بومباردىمان قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئارمىيە ئاران دىگەن
تۇدۇكخې دەرياسىدىن ئوتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنمۇ ما جۇڭيىڭ قىسىم
كىلەر چېكىنىپ كەتكىنى يوق، ئۇلار دەريانىڭ جەنۇبى قىرغ
ئەتراپىدا داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە
كېچە-كۈندۈز ئۇرۇشۇپ ئاخىرى رەسمى ئۇرۇمچى تەرەپكە چېكىن

## قورشاپ يوقۇتۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

ئەهۋالنى بىلىدىغان كىشىلەر ۋە تەرجىمانلارنىڭ
كارىلىشىچە، ئۇرۇمچى بىر ئايغا يېقىن قورشاۋدا تۇرۇپ



ئەهۋالدا قالغاچقا ئۇلار خۇددى قورغاقچىلىق كۈنلەردە يامغۇرغا
تەشنا بولغاندەك، ياردەمچى قىسىملارنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.
شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىدىكى ئالاقىلىشىش
ئورنى ئارقىلىق ياردەمچى قىسىملارنى بىر نەچچە قېتىم ئالدى-
راتقان بولسىمۇ، ئۇلار بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئۇلار
خەرىتە بولمىغانلىقتىن يول ۋە يەر تۈزۈلۈشىنى بىلمەي دۈشمەن-
گە هۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق دەپ بانا كورسىتەتتى ۋە
بىر پارچە ھەربى خەرىتە تەلەپ قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق
خەرىتە شىنجاڭدا يوق ئىدى. بۇ قارغونى ياردا قىستىغان-
دەك ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇمچىنى قوغداۋاتقان قىسىم-
لاردىن ئىككى-ئۈچ پولك ئەتراپىدا كۈچ ئاجرىتىپ ئۇلارغا
يول باشلاش ۋە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتىشكە توغرا كەل-
دى. بۇ ياردەمچى قىسىملار ئۇرۇمچىنىڭ شەرقى بىلەن ئايلىنىپ
سانجىغا كەلدى. ئۇلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئاگلىشىمىزچە
شىڭ شىسەي ئۇلارغا "ئالتايىسكى" لەرنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇ-
نۇپ ئۇلار بىلەن مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشقا
بولىۋرۇق بەرگەن ئىكەن. بىراق ئۇلار يېتىپ بارغاندا "ئالتا-
يىسكى" لەر ئۇلارغا ئايرىم بازا كورسىتىپ بېرىپ قەستەن
قىرغىنلاشتۇرمىغان، چۈنكى ئۇلار ئاق ئورۇس ئاتلىق پولكىدىن
يەنە بىهتىيات قىلاتتى. ئاق ئورۇسلار ئەينى ۋاقىتتا چاررۇسىيە ئار-
مىيىسىگە قاتناشقانلار بولۇپ كوپ قىسمى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغا
قارشى تۇرغانلار ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ئېهتىيات قىلاتتى. يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇلار ئولكە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش كۈچى ئاجىز،
ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن
ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەپلەر بىلەن ياردەمچى قىسىملارنىڭ رولى

ھىچقانچە جارى قىلىنمىدى. ئەكسىنچە ئۇلارنىڭ بۇ ياققا يوت
كۈلۈشى ئۇرۇمچىنى قوغداۋاتقان كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇردى.
بۇ ئارمىيە زەمبىرەك، ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمى بىلە
تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئوتەلىگەن بولسىمۇ يەنىلا زەربىگە ئۇچ
راپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي دەريانىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا بىر كۈندى
كوپرەك ئۇرۇش قىلدى. شۇ كېچىسى يەنە قايتىدىن ئۇلارنى قورشا
يوقۇتۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندا ئولكە ئارمىيىس
بىلەن ئاق ئورۇس قىسىملىرىنى قوشماي باشقا تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى
شۇنداق قىلىپ بىر مۇھاسىرە چەمبىرىگى ھاسىل قىلدى. كېيى
يەنە سىگنال ئوقىغا قاراپ مۇھاسىرە چەمبىرىگىنى پەيدىن
پەي كىچىكلىتىپ دۈشمەننى ئۈزۈل-كېسىل يوقۇتۇش ئۇچۇ
قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا مۇشۇ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش بوي
ئىش ئېلىپ بېرىش بۇيرىغى بېرىلدى. ئالدىنقى يېرىم كېچ
ھەممە ئىش پىلان بويىچە ئىشلىنىپ، دۈشمەننى بىر كىچ
كەنتكە قورشىۋالدى، قوماندانلىق شتاۋى مۇھاسىرىنى كىچىك
لەشتۇرۇپ دۈشمەننى يوقۇتۇشنى تېزلىتىۋاتقان ۋاقىتتا مۇھاس
چەمبىرىگىنىڭ مەركىزىدىن كۈچلۈك ئوق ئېتىلىشقا باشلى
بولۇپمۇ "ئالتايسكى" لەر تۇرىۋاتقان تەرەپكە جىددىرەك ئېتىل
شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا گۇمان پەيدا بولدى. ھەربى قوماندانل
نىڭ تەساۋۋۇرى بويىچە دۈشمەن توت تەرەپتىن ئېتىلغان س
نال ئوقلىرىنى كورگەندىن كېيىن ئوزلىرىنىڭ مۇھاسىر
چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ مۇھاسىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلى
بىلىپ ئاندىن قورشاۋنى بوسۇپ، قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنىشى كې
ئىدى، بىراق بۇلار قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە ج
ئوق ئېتىۋاتىدۇ، مۇنداق ئۇرۇش ئۇسۇلى نەدە بولسۇن؟ بە
دۈشمەن قېچىپ كېتىپ ئۇلارغا ئوق ئېتىۋاتقانلار ئاق ئو



ئەسكەرلىرى بولمىسۇن دەپ گۇمان قىلغان ئىدى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار ئىلگىرلەشنى توختۇتۇپ تاڭ ئاتقاندا ئەھۋالنى
ئېنىقلاپ ئاندىن ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى.
دەل مۇشۇ پۇرسەتتە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ
قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇلار كەنتنى
چارلىغىلى بىرىپ دۈشمەننىڭ بۇ جايدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ
كەتكەنلىكىنى كوردى، شۇنداق قىلىپ دۈشمەننى قورشاپ يوقۇ-
تۇش پىلانى مانا شۇنداق يوققا چىقتى.

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى چېكىنگەندىن كېيىن "ئالتايسكى"
لەر قوغلاپ زەربە بەرمەكچى بولدى. ئۇلار يول بويى ھىچقان-
داق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇرۇمچىگە كېلىپ سەنتوڭبىدا
ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى توت قۇر تىزىلىپ جەنۇپقا كېتىۋاتقانلى-
غىنى كورۇپ قوغلاشنى تېزلەتتى. بىراق ئۇلار خېلى يېقىنلاپ
كەلگەندىمۇ دۈشمەننىڭ رېتى بۇزۇلمىدى ۋە قارشىلىقمۇ كور-
سەتمىدى، ھەتتا قوغلاپ كەلگەنلەرگە قاراپمۇ قويمىدى. بەزىدە
بىر-ئىككى-ئۇچ دەپ ۋاقىراپ قوشۇنىڭ قەدىمىنى رەتكە
سالدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق خاتىرجەملىگى قوغلاپ كەلگەنلەرنى يەنە
گۇمانلاندۇردى، بۇلار دۈشمەنمۇ ئەمەسمۇ؟ چېكىنگەن دۈشمەن-
نىڭ رېتى بۇزۇلمىغانلىغى قانداق گەپ؟ دەپ ئويلايتتى. كېيىن
ئۇلار ئولكە ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ ئۇلارنىڭ راستىنلا
دۈشمەن ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىپ
ئازلىق گىرانات تاشلاپ ئۇلارنىڭ رېتىنى قالايمىقانلاشتۇردى.

## ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە قورال-ياراق ئەھۋالى

ياردەمچى ئارمىيە غەربى يولدىن كەلگەن ئىدى. ھەر
ر ناھىيىگە كەلگەندە خەۋەرچى ئەسكەرلەرنى ئېۋەتىپ شۇ

جايىنىڭ تېلېگىراپ ئىدارىسىنى ئۆزىنىڭ مۇداپىئە پونكىتى
قىلىۋېلىپ، ئەسلىدىكى تېلېگىراپ خادىملىرىنى ئاپاراتقا يېقىن
يولاتمايتتى. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ يوللاشقا تېگىشلىك جىددى
تېلېگىراممىسى بولسا، تېلېگىراممىنى شەرتلىك بەلگىلەرگە تەرجىمە
قىلغاندىن كېيىن ئۇلار يوللاپ بېرەتتى. شەخسى تېلېگىراممىلارنى
قەتئىي رەت قىلاتتى. سانجى ناھىيىسىنىڭ تېلېگىراپ ئىدارىسى
بىزنىڭ پولك تۇرغان قورودا بولۇپ، مەن پات - پات كىرىپ
بۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى بىلەن پاراڭ قىلىشاتتىم. بۇ ئىدارىنى
پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆيى بولۇپ، ياتاق، تېلېگىراممىنى قوبۇل
قىلىش ۋە يوللاش، ئىش بېجىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ش
ئۆيدە بولاتتى. بۇ ئۆيگىمۇ "ئالتايىسكى" لەر ئىككى نەپەر خ
ۋەرچى ئەسكەر ئېۋەتكەن ئىدى. ئۇلار يەرگە ئورۇن سېل
يېتىپ، ئاپاراتنى كېچە - كۈندۈز كۈزەت قىلاتتى. ئۇلارغا بىر
كىم تاماقمۇ ئەكېلىپ بەرمەيتتى. قوساقلىرى ئاچقاندا يانلىرىد
قارا پولكىلىرىنى چىقىرىپ شىكەرگە مىلاپ يەيتتى. بو
يېرىك ھەم قارا بولۇپ، كېپەك ئارىلاشقان ئىدى. شىكەر
مۇشتەك يوغانلىقتىكى كاللەك قەن ئىدى. تىل ئۇقۇشمىغانلى
تىن ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراش م
كىن بولمايتتى.
بۇ ئارمىيىنىڭ ماشىنىلىرى قۇرۇق قايتىشقا توغرا ك
گەندە يول ئۈستىدىكى كەنتلەردىن ئاشلىق باساتتى. ئاق ئا
بولامدۇ، قارا ئاش بولامدۇ، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش ئىد
پۇخرالار تىل ئۇقۇشمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاشلىقلارنى بې
ئېلىپ مېڭىشىقىنىغا قاراپ قالغىنى قالغان ئىدى. مەن با
بۇ ئاشلىقلارنى ئاپىرىپ ئاتلىرىغا يەم قىلىدۇ، دەپ ئويلا



ئىدىم. كېيىن بۇ ئاشلىقلارنى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كەتكەنـ
لىكىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئەشۇ ۋاقىتلاردا ئاشلىقـ
قا ناھايىتى مۇھتاج ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولاتتى.
بۇ ئارمىيە ئۈرۈمچى تەرەپكە كەتكەندە قوماندانلىق شىـ
تاۋى ۋە ئۇرۇش قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى سانجىدىن كېتىپ قالـ
غان ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئازراقلا
ئادەم قالغان ئىدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم چېكىنىپ شەھەرگە
كىرىۋالغاندىن بۇيان شەھەر دەرۋازىلىرىنى بېكىتىپ، كىرىپ -
چىقىدىغانلار ئۈچۈن پەقەت شەرقى دەرۋازىنىلا ئوچۇق قويغان
ئىدى. قوماندانلىق شىتاۋى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شەرقى
دەرۋازا ئوچۇق تۇردۇۋەدى. سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا بىر دانە
ئېغىر پىلىموت ئورنۇتۇپ ئۈچ ئەسكەر كۈزەتچىلىك قىلاتتى.
ئۈرۈمچى قورشاۋدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ غەربى يولنىڭ
ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە ياردەمگە كەلگەن "ئالتايىسكى" لەرنىڭ
تەمىنلەش پونكىتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. 2 - ئاينىڭ بىر
كۈنى مەن خىزمەت بىلەن ئاتلىق تۇدۇڭخې دەرياسىغا باردىم.
بۇ باش باھار پەسلى بولۇپ چۈشتە قار - مۇزلار ئېرىپ ھەممە
يەر ھولچىلىك بولۇپ كېتەتتى. تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى
سرغىقىدا بىر يۇرۇش چوڭ ئىمارەتلەر بار ئىدى. بەلكىم ئىسـ
ىلات بولسا كېرەك، ئىشىگى ئالدىدا قىشلىق كىيىم كەيگەن بىر
ۈزەتچى تۇرۇپتۇ، پۇتىغا پىيما كىيىۋالغان كۈزەتچى ئىككى دانە
سەككە دەسسەپ تۇراتتى. مەن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ كوڭلۇمدە
ۇ كۈزەتچى ئۆزىنى تازىمۇ ياخشى جايلاپتۇ، پىيمىسى ھول بولۇپ
ەتمەسلىكى ئۈچۈن پۇتىغا كىسەك قويۇۋاپتۇ دەپ ئويلىدىم. قايـ
شىمدا ھېلىقى قاراۋۇلنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغانلىقىنى كوردۇم،

بىراق، ھېلىقى ئىككى كىسەك يەنىلا ئۇنىڭ پۇتىدا ئىدى. كىسەك
قانـداقچە ئادەم بىلەن مـاڭىدىغاندۇ دەپ ئـەجەپلەندىم. كېيىن
يېقىن بېرىپ قـارىسام كىسەكنى پۇتىغا سىم بىلەن باغلىۋالغان ئى
كەن. مەن بـۇ تازىمۇ ئەخمەقلەرچە ئـۇسۇل بوپتۇ، ئەگەر ۋەقە يۈز
بەرسە ھېلىقى قـاراۋۇل قانداقمۇ يول ماڭالىسۇن دەپ ئويلاندىم
يەنە بىر تەرەپتىن بـۇ ئۇلارنىڭ قورال - ياراق ۋە كىيىم - كېچەك
ئەھۋالىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.



# ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

جەن فۇشۇ

گومىنداڭ قۇرۇغلۇق ئارمىيە 5 - ئاتلىق كورپۇسىنىڭ سا-
بىق كورپۇس باشلىقى (جۇنجاڭى) مابۇچىڭ ئەسلى ماچېيىنىڭ
چوڭ ئوغلى، مابۇفاڭنىڭ بىر تۇققان ئاكىسى. 1931 - يىلى
ما بۇفاڭ خېشىدىن ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ چىقارغان چاغدا ما بۇ-
چىڭ قول ئاستىدىكى قىسىملىرىنى باشلاپ لياڭجۇ دائىرىسىگە
كىرىپ ئورۇنلۇشۇپ، بۇ يەرنى 10 يىل بېسىپ ياتتى. شۇ
جەرياندا ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپەيتىپ، خەلقنى بۇلاپ - تالاپ،
خەلق نەپرىتىنى قايناپ - تاشقۇزغان ئىدى. جياڭ جيېشى ما-
بۇچىڭنىڭ خېشىنى كونترول قىلىپ، كۈنساناپ كۈچىيىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق خەۋپسىرىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۈچىنى
ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش ھىيلىسىنى
قوللىنىپ مابۇچىڭنى چىڭخەيدىكى سەيدام دىگەن يەرگە بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش دۇبەنى قىلىپ تەيىنلىدى. 1942 - يىلى، ما بۇچىڭ
ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرى تەۋەسىدىكى
ئېجياۋەن دىگەن يەرگە كىرىپ ئورۇنلۇشۇپ، ئۆز قوشۇنىنى 82-
كورپۇستىكى ماجيۈەنگە قاراشلىق قىسىمنىڭ تۇرغان جايى بى-

لەن تۇتاشتۇردى. 1943 - يىلى جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى 40 -
كورپۇسنى تەشكىللىگەندە مابۇفاڭنى بۇ كورپۇسقا باش قوماند-
دان، مابۇچىڭنى ئورۇنباسار باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى.
ئەينى ۋاقىتتا 82 - كورپۇس بىلەن ئاتلىق 5 - كورپۇس 40 -
ئارمىيىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار ئىدى. ئاتلىق 5 - كور-
پۇسنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى ماچىڭشىياڭ (مابۇفاڭنىڭ بىر
تۇققان جىيەنى) ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرلىقىنى ئۈس-
تىگە ئالدى. مابۇچىڭغا قاراشلىق قىسىملارنىڭ قوماندانلىقى
بوي سۇنماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن مابۇفاڭ ئالدى بىلەن ب
كورپۇسنىڭ ئەسلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوپىتسېرلىرىنى
يىغىپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن خىزمەتتىن چېكىندۈرۈپ ئۆيلىرىگە
قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا 82 - كورپۇستىكى يېقىن ئادەملىرى-
نى قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاتلىق 5 - كورپۇس ئۇنىڭ
شىرەم (تۇققان) قوشۇنى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە مابۇفاڭ ب
لەن مابۇچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كېڭىيىپ مۇ
سىۋىتى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ما بۇفاڭنىڭ چوڭ ھوقۇقنى قو
كىرگۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈن گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى؛ ما
چىڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قاش
قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى ۋە شۇ ئاچچىقىدا بالا - چاقىلى
ھەم كانىۋايلىرىنى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆز يۇرتىغا (
جوغا) قايتىپ كەتتى. كېيىن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيې
ما بۇفاڭنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. لېكىن جياڭ جيې
بۇنىڭغا ئېتىۋار قىلمىدى. ما بۇفاڭ ھەربىي ھوقۇقنى ئىگە
گەندىن كېيىن، ئاتلىق 5 - كورپۇستا ھەربىي مەشقنى كۈچە
تى. يېقىن كەلگۈسىدە شەرقىي فرونت، غەربىي فرونت دەپ ئا



فرونت ئاچىمەن دەپ جار سالدى. ئەينى ۋاقىتتا بىز، شەرقىي
فرونتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن (بۇ ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بولى-
ۋاتاتتى) گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغان بولدى دەپ پەرەز قىلا-
غان ئىدۇق. غەربىي فرونتنىڭ نەگە قارىتىلغانلىقىنى بىلمەيتتۇق.
ئەسلىدە، ما ئەۋلادى ئۇزۇندىن بۇيان ھەربىي قوشۇنلىرىنى زور
كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، تولۇقلاپ، شىنجاڭنى پايلاپ قەستلەپ
يۈرگەن ئىدى. 1944 - يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدا ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابى پارتلىدى، جياڭ جيېشى ما چىڭشياڭغا تېلېگى-
رام بېرىپ، ئۇنى ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا كەلتۈرۈپ، بى-
ۋاستە تاپشۇرۇق بەرگەن، يەنى ئاتلىق 5 - كورپۇسقا شىنجاڭ-
غا كىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈ-
شۈرگەن. بۇ قارار ما بۇفاڭنىڭ زېمىن كېڭەيتىش غەرىزىگە
تازا ماس كەلدى. ئۇ ئاتلىق 5 - كورپۇسنى ئالاھىدە تەربىيە-
لەپ، ئۇلارغا "دۈشمەندىن قورقمايدىغان، دۈشمەننى سەل چاغ-
لىمايدىغان بولۇش كېرەك، پۇقرالارنى بىزدىن ھۆركۈمەيدىغان،
بىزنى سەل چاغلىمايدىغان قىلىشىمىز كېرەك"، "ئادەتتىكى
كۈنلەردە كۆپ تەر توكسەك، سوقۇشتا قېنىمىز ئاز توكۈلىدۇ"،
"كوللېكتىۋىزىملىقنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي شىمالنى قوغداي-
لى، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، داھىيمىزنى ھىمايە قىلايلى" دېگەندەك
فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ما بۇفاڭ يەنە بارلىق كوماندىر، ئەسكەرلەرگە نۇتۇق
سۆزلەپ: "ھازىر شىنجاڭ رايونىدىكى قازاقلار توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈپتۇ، مەركەز بىر ئاتلىق دىۋىزىيە ئەۋەتىپ توپىلاڭنى يوقۇ-
تۇشقا بۇيرىدى. مەن مەركەزگە: شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە-

ھىمىزنىڭ دەرۋازىسى، غەربىي شىمالدىكى ئىستىراتېگىيىلىك مۇ-
ھەم جايى ھەممە چىڭخەي بىلەن چېگرىداش بولۇپ، بىر - بىرى
بىلەن چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن مۇناسىۋەتلىك؛ پۈتۈن
كۈچ بىلەن كىرىشكەندىلا، توپىلاڭنى تەلتۆكۈس تىنچىتىش
مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ دەپ ئېيتتىم، مەركەز مېنىڭ تەلى
ۋىمگە قوشۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاتلىق 5 - كورپۇسىمىزنىڭ
شىنجاڭغا بېرىشى كولىكتىپقا، ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ
كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ يۈرۈشىمىز كولىكتىۋىزىمنى
جارى قىلدۇرۇش - نۇرلاندۇرۇشنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئىشنى قانداق
مۇ خوشاللىق بىلەن ئۆز ئۈستىمىزگە ئالماي تۇرالايمىز!
دىدى.

ما بۇفاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتتە ۋاقىتلىق خاراكتېرىدىكى
«ئارمىيىدىن ھال سوراش خەۋەرلىرى» دىگەن ژورنال
نەشر قىلىپ، ئارمىيىدىن ھال سوراش بانىسى بىلەن خەلقنى
ھال - مۈلكىنى كەڭ كولەمدە بۇلاپ تالىدى. پەقەت بىر خۇ
ناھىيىسىدىلا ھاكىم چىڭ بىگيۈەن ما بۇفاڭغا خوشامەت قىلىش
ئۈچۈن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كار
بولماي، بىر قېتىمدىلا ئازغىنا كام 20 مىڭ سەر ئاق تەڭ
تەقدىم قىلدى. باشقا ناھىيىلەرمۇ شۇنداق قىلدى. ئەينى
قىتتا، ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى كوماندىر
ئەسكەرلەرگە دەرىجىسى بويىچە كۆز ھەققى قىلىپ بېرىلدى
خەلقنى قىرغىن قىلىشقا جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر پو
كوماندىرىغا 500 سەر، ھەر بىر ئەسكەرگە بەش سەر ئاق تە
گە تارقىتىپ بەردى. يەنە بىر قېتىمدا، ما بۇفاڭ ئۆزىنىڭ
ئىلار دىراما ئۆمىكىنى، كوئىنلۇن دىراما ئۆمىكىنى، كىنو



يۇش دۇينى ۋە كېڭەش ئەزالىرىنى، ۋاڭ - گۆڭ، مىڭ بېشى،
يۈز بېشى قاتارلىق ھەر مىللەت يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنى
مۇداپىئە رايونىغا باشلاپ بېرىپ، "قوشۇن لەۋھەسى" تەقدىم
قىلدۇزدى ۋە ئويۇن قويۇپ بەرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۈستىگە "تىيانشاننىڭ
ئەڭ ئىگىز چوققىسىدەك قەد كوتۈرۈپ تۇرۇڭلار" دىگەن خەت
يېزىلغان "قوشۇن لەۋھەسى" نى ئىككى قوللاپ ماچىڭشياڭ-
غا تەقدىم قىلدى. ئۇ ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ خېيشىدا قىزىل
4 - يونۇلۇش ئارمىيىسىنى قىرغان توھپىسىنى ۋە ئىلى، چوچەك،
ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇشتا ئۈستىگە ئالغان
زور ۋەزىپىسىنى يەنە بىر قېتىم كوككە كوتەردى. يىغىندا ھەم-
مە بىرلىكتە "ئەلۋىدا باشلىق"، "يۈيمىنگۋەندىن 4 نۇۋەت
ئوتۈش" دىگەن (ما بۇفاڭ ئۆزى تۈزگەن) ئەكسىيەتچى ناخشى-
لارنى جىنىنىڭ بېرىچە توۋلاشتى.

مابۇفاڭ كوماندىرلارغا ، ئەسكەرلەرگە نۇرغۇنلىغان ئالدام-
چىلىق - نەيرەڭۋازلىقلارنى ئىشلەتتى. بۇنىڭدىكى مەقسىدى، فېئو-
دال جياڭ جيېشى خاندانلىقى ئۈچۈن كەتمەن چېپىش ئىدى.
كىن كوپ ساندىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر ئاتا - ئانىسىدىن،
توتۇن - باللىرىدىن ئايرىلغاچقا، دەردى ئىچىدە پاتماي ئاھ
ۇرغان ھالدا: 82 - كورپۇس ئۆز ئوغلى (ماجىيۈەن بولسا
بۇ فاڭنىڭ ئوغلى ئىدى) بولغاچقا راھەتنى شۇلار كورىدۇ،
ئاتلىق 5 - كورپۇس بولسا ئۆگەي ئوغلى، شۇڭا بالا - قازا
تەلسە ئالدىدا بىزنى ئوق يېمى قىلىدۇ، دەپ زارلىناتتى.
ئەينى ۋاقىتتا مۇتلەق كوپ ساندىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر
رۇشتىن بىزار بولماقتا ئىدى. مابۇفاڭ بىرەر كۈتۈلمىگەن

ھادىسىنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈرلۈ
توزاقلارنى قۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كوماندىر - ئەسكەرلە
ما ئەۋلادى ئۈچۈن جان تىككەندە ھامان بىر كۈنى ئۇلۇغ
ئىگە - چاقىسىز تاشلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كورە، با
دۇرراق باشقا كەلگەننى كورۇش لازىملىقىنى ئويلايتتى، بە
لىرى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولۇۋالاتتى. كەينى - كەينىد
قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

## شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش

1945 - يىلى 5 - ئايلاردا ، ماچىڭشياڭ ئاتلىق 5 -
پۈسىنىڭ ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىسىنى ۋە بىۋاستە قار
لىق قىسىملارنى باشلاپ ئۇزۇن مۇساپىگە ئاتلىنىپ، چىلىيەن
تېغىنى بويلاپ ، جيايۈگۇەندىن ئۆتۈپ تياۋشانغا قاراپ ي
ئالدى، بۇ يول كىشىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان چەكسىز قۇم
ۋە بىپايان چول ئىدى. قۇملۇقتا ئىسسىق قاتتىق بولغا
كېچىسى يۈرۈش قىلىپ، كۈندۈزى دەم ئېلىشقا تو
كېلەتتى. ئەسكەرلەر ئاتقا ئاز مىنىپ، كوپىنچە پىيادە ماڭا
سەپەر ئادەتتىن تاشقىرى جاپالىق بولغاچقا كوماندىر، ئەس
لەرنىڭ نارازىلىقى قايناپ تاشقان ئىدى. يول ئۈستىدە ھ
بېكەتلەر ناھايىتى ئاددى بولۇپ، ئۇ يەرلەردە پەقەت ئا
ئوت - چوپ، بىر قانچە ئون تۇڭ پاسكىنا سۇ ھازىرلان
تەمىنلەش ئۈسكىنىلىرىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئەينى ۋاق
جياڭ جيېشى ھوكۇمىتىنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسقا ئاجر
بەرگەن غايەت كوپ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى مابۇفاڭ يالغۇزلا



چونتىنگىگە سېلىۋالغان، قىسىم قونالغۇدا دائىم سۇسىزلىقتىن
قىينىلاتتى. يى ۋەنچۈەن (چىنە بۇلاق) دىگەن يەرگە كەلگەندە
ئادەملەر بىلەن ئاتلار سۇ تالىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا
كوماندىر، ئەسكەرلەر: كەلگۈسىدە شىنجاڭدا جەڭ قىلغاندا،
ئوقتا ئولمىگەندىمۇ، ئۇسسۇزلىقتىن ئولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمىز،
دىيىشەتتى.

يۈرۈش مەزگىلىدە نۇرغۇنلىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەر -
بىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىنى لىققىدە بېسىپ ئىچكىرىگە
قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردۇق. قېچىپ چىققان مۇساپىرلاردىن
شىنجاڭنىڭ خەۋىرىنى ئوقۇشساق، ئۇلار بىزگە: ”ئىلى تەرەپتە
مىللى ئارمىيە ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى
تىرە - پىرەڭ قىلىۋەتتى. مىللى ئارمىيە ئۈرۈمچىگە قاراپ
ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدە ھەر كۈنى كېچىسى ئوق ئاۋازى
ياڭراپ تۇرىدۇ. تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، كىشىلەر ئىنتايىن
ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ ۋەزىيەت داۋالغۇپ قالدى.“ دىدى.
بىز شىڭشىڭشياغا يېتىپ بارغاندا، شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇ-
مەتنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن ۋەكىللەردىن قوغۇن، ئۈزۈم ۋە
باشقا نەرسىلەرنى ئېۋەتىپ، بىزنى قارشى ئالدى، پولكتىن
يۇقۇرى دەرىجىلىك كوماندىرلارغا بىردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئىشلەنگەن خۇرۇم ئىگەر، قىلىچ سوغا قىلىپ، ئىلھام بەردى.
چاغدا مىللى ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىنى
ئىشغال قىلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىدە
تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئاتلىق قوشۇنىمىز يۈرۈشنى تېزلەتتى.
قۇلغا يېتىپ بارغاندا ماچىڭشياڭ ئايروپىلان بىلەن ئالدىن
ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ بېرىپ يۈرۈش پىلانىنى قايتىدىن بەلگى-

لىدى. قىسىم يەتتە قۇدۇقتا يېتىپ بارغاندىن كېيىن
ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيە تيانشاننىڭ شىمالى ئېتىكىدىن
گۆچۈك، جىمسار، مورىغا كىرىپ ئورۇنلاشسۇن، دىۋىزىيە
كوماندىرى خەن يۈۋىن گۆچۈك، جىمسار، مورى ناھىيىلىرىنىڭ
گارنىزون قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالسۇن، شۇنىڭ بىلەن
ئالتاي تەرەپتىن كېلىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمنىڭ ئالدى
ئېلىنسۇن، ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ماچىڭشيەن
تيانشاننىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىن تۇرپان، توقسۇن ناھىيىسىگە
كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى
سانجى، قۇتۇبى ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ
غەربىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇدۇلدىن قىلىدىغان ھۇجۇمى
توسسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئارمىيە شتاۋى ۋ
ئارمىيىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار ئۈرۈمچىنىڭ لومەنچىڭ
دىگەن يېرىگە ئورۇنلاشتى. ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە بىلە
ۋاقىتلىق 1 ـ دىۋىزىيە بولۇنۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇپ، شىمال
دىن ئىلگىرلىدى. 1945 ـ يىلى ئوكتەبىردە، ئاتلىق 5
دىۋىزىيە تۇرپان بۇلۇڭقا يېتىپ باردى. بۇ ناھىيىدە شۇ
داغا قاراشلىق 45 ـ دىۋىزىيە بار ئىدى. شۇ چاغ د
"10 ـ ئوكتەبىر بايرىمى" غا توغرا كەلگەچكە ئۇلار تەبرى
لەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە بىزنى كۈتىۋالدى
يىغىنغا ئارمىيە، خەلق بولۇپ 20 مىڭدەك ئادەم قاتناشتى
ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە بىلەن 45 ـ دىۋىزىيە مەيداندا كوللېكتىپ
سالاملىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى بىر نىيەتتە ئورۇ
باستۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ چاغدا مەن ۋە دىۋىز
كوماندىرى شۇي دا "10 ـ ئوكتەبىر بايرىمى" يىغىنىدىن پايد



نىپ ھەدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تەشۋىق قىلدۇق. مەن يەنە، مىللى، دىنى نىقاپنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنى قوغدايمىز، پۇقرالارنى ئاسرايمىز دىگەن گەپلەر بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئالدىدىم. شۇنىڭدەك قوشۇنىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ھەيۋە قىلىش ئۈچۈن، ئىككى دىۋىزىيە كەڭ كولەمدە قوراللىق نامايىش ئۆتكەزدى ۋە ئاتلىق ئەسكەر-لەرنىڭ ماھارىتى (ئات ئۈستىدە پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ئورە تۇرۇش، ئات ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىش، چېپىپ كېتىپ بېرىپ ئاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇش، ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەر) نى كورسەتتى.

ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيىمۇ كوزلىگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەسلەپكى ھەيۋىسىنى كورسىتىپ ئاتلىق ئەسكەرلەردىن بىر روتا ئادەمنى فۇكاڭ دائىرىسىدىكى تارقاق چارۋىچىلارنى باستۇرۇشقا ئېۋەتىپتۇ. نەتىجىدە، ئاممىغا تەھلىكە سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بىگۇنا ئاق كوڭۇل خەلقنى ئول-تۇرۇپتۇ، ياربدار قىپتۇ.

شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ما چىڭشياڭ پولكتىن يۇقۇرى دە-رىجىلىك خادىملارنى يىغىپ لومەنچىڭدا يىغىن ئاچتى. غەربى شىمال ھەربى، مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ، سابىق خېشى گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى لى تيېجۈن ۋە شىن-جاڭ ئولكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىق مۇھىم ئەرباپ-لار غەربى بىنادا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى قارشى ئالدى. ۋۇ-جۇڭشىن ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنىڭ تيانشاننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇر-غانلىقىنى مەدھىلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى تېخىمۇ ئىلگىرلە-

گەن ھالدا باستۇرۇشقا قۇتراتتى. ماچىڭشياڭ جاۋابەن سوز قى-
لىپ: ”ھەربىلەر زىمىننى قوغداش مەسئولىيىتىدىن باش تارتال-
مايدۇ، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، دولەت تاپشۇر-
غان ۋەزىپىنى ئورۇنلايمىز. شىنجاڭ ۋە زىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا
يۈزلىنىشى مۇدىر، باش قوماندان ۋە رەئىسنىڭ پەزىلىتى ۋە
ئابرويىدىن بولدى“ دەپ بىردەم ئوز ئارا ماختاشتى.

1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، گارنىزون باش قوماندانى لى
تيېجۇن شىمالى شىنجاڭ رايونىدىكى پولك كوماندىرىدىن يۇقۇرى
دەرىجىلىك كوماندىرلاردىن 100 دەك كىشىنى يىغىپ ئاچ-
تى ۋە بىر ”مەسلىھەتچىلەر ساياھەت ئومىگى“ ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭغا
ئاتلىق 5 ـ كورپۇس تەرەپتىن كورپۇس كوماندىرى ما چىڭشياڭ،
مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىغى (سەنمۇجاڭى) ۋاڭ يۈەن،
ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە سەنمۇجاڭى جەن فۇشۇ، ۋاقىتلىق ئاتلىق
1 ـ دىۋىزىيە سەنمۇجاڭى جاڭ چىڭجىن قاتارلىق 20 دەك ئادەم
قاتنىشىپ، قۇتۇبى ـ ماناسقا بېرىپ بۇ جايلارنىڭ يول ئۇستىدىكى
مۇداپىئەسىنى ۋە ماناس دەرياسى ئالدىنقى سېپىنى كوزدىن كەچۇردى.
بۇ رايوندا مەركەزگە قاراشلىق (شىرەم قوشۇنىنىڭ) شى يىفىڭ
قوماندانلىغىدىكى يېڭى 2 ـ كورپۇسى تۇرۇشلۇق ئىدى. شەھەرلەر-
نىڭ ئىچى ـ سىرتىغا نۇرغۇنلىغان ئاكوپلار ياسالغان. بولۇپمۇ،
شەھەر سېپىلىدىن 200 مېتىر يىراقلىقتا قاتمۇ ـ قات پوتەيلەر
(گەمەسىمان پوتەيلەر) ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. سېپىلدىن 40 مې-
تىرچە يىراقلىقتا سېپىلنى ئايلاندۇرۇپ ئۇزۇن ئاكوپلار كولانغان
ئىدى. سېپىلنىڭ ھەممە يېرىدىن ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكلەر ئې-
چىلغان بولۇپ، خەندەك، ئاكوپ، پوتەيلەر مۇستەھكەم ئىدى. شەھەر
سىرتىدىكى يېزا ـ كەنت ئويلىرى ۋە دەرەخلىرى بۇزۇپ كېسىپ



تاشلانغان ئىدى. (تەھرىر ئىلاۋىسى: ماناس شەھرىنىڭ غەربىدە
باغ كوپ بولۇپ، ئالما كوپ چىقاتتى. گومىنداڭ باندىت قو-
شۇنلىرى ئۇرۇقتا تۇتۇش دائىرىسىنى تازىلاش ئۇچۇن، ئالمىلار-
نىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ، بۇ رايوندىن چىقىدىغان ئالاھى-
دە ئالمىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىۋېتىشكە ئاز قالغان ئىدى.) ما-
ناس دەرياسىدىكى بىر كوۋرۇكمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
بۇزىۋېتىلدى. ماناس دەرياسىنىڭ كەڭلىگى 200 مېتىردەك كې-
لەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ قاراۋۇللىرى ھەر كۈنى ئوز ئارا تۇۋ-
لاپ سوزلۇشۇپ، سۇ توشۇشۇپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر ئوز ئارا
ئىسىم فامىلىلىرىنى چاقىرىشىپ دوستلىشىپ قالغان ئىدى. بىز
قۇتۇبىغا قايتىپ كېلىپ ئۇرۇمچى، مىچۇەن قاتارلىق ناھىيىلەر-
نىمۇ كوزدىن كەچۇردۇق. گۇرۇپپىلارغا بولۇنۇپ ئۇ يەرلەرنىڭ
سوقۇش ئىنشائاتلىرى، ئىستىراتېگىيىلىك ئەھۋاللىرى (مەسىلەن:
دەريا، قاتناش كۆۋرۈكى، قاتناش يولى، ئاھالە، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ
جايلىشىشى، كوۋرۇك قاتارلىقلار)نى كوزدىن كوچۇرۇپ، خاتىرىلەرنى
توپلام قىلىپ چىقىپ سوقۇشتا پايدىلىنىدىغان ھەربى ئارخىپ
قىلدۇق. لى تيېجۇن، ما چىڭشياڭلار ئەمىلى ئەھۋالغا ئاساسەن،
ماناس دەرياسىنىڭ مۇداپىئە لايىھەسىنى يەنە بىر قېتىم كې-
ڭەيتتى. ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كورۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا،
تېچلىق شەپىسىمۇ چىقىپ تۇردى. ئويلىمىغان يەردىن ئىك-
كى ئايدىن كېيىن، يەنى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، گارنىزون
قوماندانلىق باش شىتاۋى ما چىڭشياڭغا بىر ئاتلىق پولك
ئېۋەتىپ، قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ بىر ئاتلىق پولكىغا
ماسلىشىپ، شۇ ناھىيىدىكى جەنۇبى تاغنى تازىلاش توغرىسىدا،
قۇتۇبى مۇداپىئە رايونىدىكى يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن

دۆۋزىيە كوماندىرى پاك × نىڭ ئالدىنقى سەپ قۇماندانـى
بـولىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ماچىڭشياڭ دەر-
هـال ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە 15 ـ پـولكىنىڭ پولك كـوماندىرى
خەن دىگـۇڭنى قۇتۇبىغا يىغىلىپ ئاتلىنىش بۇيرۇغىنى كۈتۈش-
كە ئېيتتى. ئەينى ۋاقىتتا پاك × :"چىڭشىخوزى، تاشىر-
قاي ئارىلىغىدا ئاتلىق قازاق ئەسكەرلەر پەيدا بـولۇپ، ئا-
هالىلارنىڭ كالا ـ قوي، ئاشلىقلىرىنى بـۇلاپ كېتىۋېتىپتـۇ ۋە
روسىيىلىك 4 ئـوپىتسىر چىڭشىخوزىدىكى مـەكتەپتە تۇرۇپ قۇ-
ماندانـلىق قىلىۋېتىپتۇ. مەيلى كوماندىر ياكى ئەسكەرلەر بول-
سۇن، روسىيىلىك ئـوپىتسىردىن بىرنى تۇتۇۋالغانلارغا شىنجاڭ
پۇلىدىن 500 مىڭ دوللار (500 سـەر تـەڭگىگە بـاراۋەر)
مۇكاپات بېرىلىدۇ ھەم بىر دەرىجە ئـوستۈرۈلىدۇ ، تـازىلاشقا
دەرهـال ئاتلىنىڭلا" دەپ بۇيرۇق بەردى. كوماندىر، ئەسكەر-
لەر مەنسەپ ، مۇكاپاتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەت-
تى . قارشى تەرەپ بىزنىڭ ئەسكىرى كۈچىمىزنىڭ كوپلىگىنى
كورۇپ، بىر پەس ئېتىشىپ قويدى. ئىككى ئاتلىق پـولكى-
مىز تاغـلاردىن هالقىپ چوققىغا هۇجۇم قىلىپ چىڭشىخوزىدىكى
مەكتەپـكە يېتىپ بارغاندا، ئۇلار ئاللىقاچان تىچ ـ ئامان چېك-
كىنىپ كەتكەن بولۇپ هىچنىمىگە ئېرىشەلمىدۇق. روسىيىلىك
ئـوپىتسىرلارنىڭ قارىسىمۇ يوق ئىدى. شۇ قېتىمقى سـوقۇش-
تا 10 مىڭ تالدەك ئوق سـەرپ قىلىندى. ئىككى تـەرەپ-
تىن بىرمۇ ئادەم ۋە ئات چىقىم بولمىدى. قار ـ شىۋىرغان-
دا روهسىزلانـغان هـالدا قـايتىپ كەلدۇق. ئۇزۇن ئوتمەي
لى تيېجۇن ئىچكىرىگە يوتكىلىپ كەتتى. سۇڭ شىلىيەن گارنىزون
بـاش قۇماندانى بولدى. سۇڭ شىلىيەن بىلـەن ماچىڭشياڭ ئۇرۇش-



خـۇمـارلىرىدىن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇشقا
نـاهـايىتى قىزىقاتتى. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سۇڭ شىلىيەن
جـاڭ جىجۇڭنىڭ بېيجىڭغا كـەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ،
5 ـ كـورپۇستىكى مـا چىڭشياڭ ۋە يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ كوماندىرى
يې چىڭ قاتارلىقلارغا قۇماندانلىق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە هۇجۇم قى-
لىشنى ئاكتىپ پىلانلىدى. ئۇ چاغدا، مەن ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيىنىڭ
شتاب بـاشلىقى بـولۇپ، سانجىدا تۇرىۋاتقان ئىدىم. ما چىڭشياڭ
ماڭا ، قۇتۇبى ناهىيىسىنىڭ شىمـالىـدىـكى فاڭساۋخۇ، ۋۇتۇڭ
ۋوزا ، شاباخۇ دائىرىسىنى (5 ـ ئاتلىق پولك ئورۇنلىشالايدىغان
جاينى ) ۋە فاڭساۋخۇ دائىرىسىنىڭ قاتناش يولىنى تەكشۈرۈش-
نى تاپشۇرۇپ ، ماناس دەرياسىغا پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن ئۆ-
دۇلدىن، فاڭساۋخۇغا ئاتـلىق ئەسكەرلەر بىلەن يـاندىن هۇجۇم
قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىنقىلاۋى كـۈچلەرنى يـوقـاتماقچى
بولدى . دەل شۇ چاغدا، جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەل-
دى. ئۇ، سۇڭ شىلىيەن، ما چىڭشياڭلارنىڭ يۇقارقى سۇيىقەستلىرى-
نى ئۇقۇپ ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۈرۈمچىگە 200 دەك هەربى،
باشلىقنى يىغىپ، غەربى بىنادا يەنە بىر قېتىم تېنىچلىق، دېمو-
كىراتىيە، ئىتتىپاقلىقنىڭ زور ئەهمىيىتى هەققىدە سوز قىلدى ۋە بۇ
سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان ئۇرۇشخۇمارلارنى قاتتىق ئەيىپلىدى .

## سىياسى جەهەتتىن كونترول قىلىش

ماچىڭشياڭ ئاتلىق 5 ـ كـورپۇسنى بـاشـلاپ شىنجاڭغا
كىرىپ ئۇزۇن ئوتمەي، ئـوز كۈچىنى تـەرەققى قىلدۇرۇشقا كى-
رىشتى. يەنى هەربى كۈچىگە تايىنىپ كېڭەش هەيئىتىدىن، تۈگ-

گانلار ئۇيۇشمىسىدىن ۋە دىنى ساھەدىكى يۇقۇرى قاتلام زاتلاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى سىياسى جەھەتتىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلارنى، مەسىلەن: ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ رەئىسى مەسئۇد، مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن، باش كاتىۋى ئەيسا، قۇمۇل ۋالىسى يولۋاس، قازاقلاردىن ئۈرۈمچى ۋالىسى خادىۋاڭ (ئايال)، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان، ئەلەن ۋاڭ، تۇڭگانلاردىن: خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زىڭشەن، ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماشۇجى، تۇڭگانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ماگويى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى مالياڭجۇن، موڭغۇللاردىن: قانۇن تۇرغۇزۇش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى چۇجاپ (ئايال)، ئۇ جىڭبىڭ (ئايال)، خەنزۇلاردىن: ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ خەندۇڭ، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ليۇ شياۋلى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە تارتتى ھەمدە باشقا ساھەدىكى زاتلار بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلىپ، زىچ مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچى سىياسى كۈچ شەكىللىنىپ ئۇلار ئۆز ئارا بىر-بىرىنى ماختاپ كوككە كوتىرىشتى.

شۇ چاغدا ماچىڭشياڭ ئادەم، يەر شارائىتى پىشىپ يېتىشتى دەپ ھىساپلاپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ھوكۇمەتلەرگە ئۆزىنىڭ قولچۇماق، يېقىنلىرىنى تىقىپ كىرگۈزدى. ئۇ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زىڭشيەن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كاتىۋى ۋاڭ دۇڭياڭنى بارىكولنىڭ ھاكىملىقىغا، قەشقەر ۋالىسىنىڭ ئوغلى ما جىرۇڭ (چوڭ پومىششىك) نى مىچۇەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋاقىتلىق ئاتلىق 1-دىۋىزىيىگە گۇچۇڭ، جىمىسار، مورى ناھىيىلىرىگە ھاكىم سايلاشتا ھەركەت



قىلىشقا يولیۇرۇق بەردى. دەسلەپتە ئۇلار بۇ دىۋىزىيىنىڭ سىياسى بولۇم مۇدىرى ماۋىنجىڭنى گۇچۇڭغا ھاكىم قىلىشماقچى بولدى، كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقى بىلەن بۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كورپۇسقا مايىل بولغان بەزى يۇقۇرى قاتلام زاتلاردىن جاڭ يۈنجۈننى يەنە يالغاندىن خەلقچىل سايلام ئۇسۇلى ئارقىلىق گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، كۇڭ چىڭۋىننى جىمىسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ۋاڭ يۈۋېينى مورى ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى (چىڭخەي شىنىڭلىق بولۇپ، ما چىڭشياڭنىڭ يېقىنى ھەم جۈڭتۇڭ ئىشپىيونى). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ماڭا 5-دىۋىزىيە تۇردۇۋاتقان سانجى ناھىيىسىدە ھاكىم سايلاشتا ھەركەت قىلىشقا يولیۇرۇق بەردى (مەن بۇ دىۋىزىيىدە باش مەسلىھەتچى ئىدىم). مەن ماچىڭشياڭنىڭ يولیۇرۇقى بويىچە سانجى ناھىيىسىدە، كېڭەش ئەزاسى گاۋ ۋىنكۇي، ۋەكىل مىن شۇ قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خۇاڭ جۇيچىڭنى بۇ ناھىيىنىڭ 1-ھاكىملىقىغا، ۋەن × (ۋەن ناھىيىدىكى كومۇر خاڭىنىڭ چوڭ پومىششىكى، خەنزۇ) نى 2-ھاكىملىققا تەيىنلىدۇق. ئۇلار ھاكىملىققا سايلانغاندىن كېيىن. خۇاڭ جۇيچىڭ يەرلىك خەلقنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، پوجاڭزا ئېتىپ، ماڭا "ۋەتەننى، خەلقنى سويگۈچى" دىگەن سوز يېزىلغان بىر دانە ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلدى. ئەمەلىيەتتە مەن دولەتكە، خەلققە بالايى-ئاپەت كەلتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىلىكتە نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغان ئىدىم. كېيىن ۋەن × يەنە، نەنسەندىكى قازاقلارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، 10 نەچچە قازاق مۇتىۋەرلىرىنى باشلاپ تومۇرچىلىك زاۋۇتىغا كېلىپ ماڭا بىر دانە ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن

ما چىڭشىياڭ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي ئۆلكىلىك ساقچى
ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى ليۇ خەندۇڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى-
ئارقىلىق، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ساقچى ئىدارىلىرىغا ئۆز
ئادەملىرىدىن باشلىق تەيىنلىدى. مەسىلەن: ما يۈيلۈڭنى گۈچۈڭ
ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا (چىڭخەي شۈنخۇا
ناھىيىسىدىن، خەنزۇ. ئايرۇپىلان بىلەن گەنسۇ - شىنجاڭ ئوتتۇ-
تۇرىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئىشپىيون).
ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە شىتابى كانىۋايلار باشقارمىسى-
نىڭ باشلىقى جاڭ جىڭگاڭ (چىڭخەي تۇڭرېن ناھىيىسىدىن،
خەنزۇ) نى مۇئاۋىن جۇيجاڭلىققا تەيىنلىدى. ئەسلىدە ما بىياۋ
دىۋىزىيە شىتابىدا ھەربى سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بول-
غان ما شىشيەن (شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن) نى فۇكاڭ ناھى-
يىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مورىدىكى ۋاڭ يۈي-
ۋىنى جىمىسار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا،
ۋاڭ ۋىنپىڭنى مورى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقى-
غا (شىنىڭلىق، شىنجاڭدا ئىشپىيونلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ كەلگەن) تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماچىڭ-
شياڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان - تەرىنى تېخى-
مۇ بەكرەك شوراش ئۈچۈن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىم-
قان ۋە مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن
پايدىلىنىپ، ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە ھەربى دوختۇرلۇق باشقار-
مىسىنىڭ باشلىقى ما جىڭبونى تۇرپان ناھىيىلىك باج ئىدارى-
سىغا جۇيجاڭ قىلدى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقۇرىدىكى 7 ناھىيە
ھاكىمى، 5 ساقچى ئىدارە باشلىقى، بىر باج ئىدارە باشلىقى
ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە ھەربى، مەمۇرى، مالىيە، ساقچى



جەھەتتە ئەكسىيەتچى ئاساس ياراتتى. لېكىن ما چىڭشىياڭ بۇ-
نىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت، ھوقۇقىنى
پۈتۈنلەي ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ رە-
ئىسلىكىگە ئېرىشىش يولىدا سۇيىقەست ئىشلىتىشكە
باشلىدى.

1947 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى
مەسئۇد تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ما چىڭشىياڭ ماڭا (ئەينى
ۋاقىتتا مەن تۇڭگان پولكىنىڭ كوماندىرى ئىدىم) تۇڭگانلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىجرائىيە ھەيئەتلى-
رىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى-
دىكى مىن شۈدى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەرنى ھەرىكەتلەن-
دۈرۈپ، مەخسەتلىك ھالدا ما چىڭشىياڭنىڭ رەئىس بولۇش مەسى-
لىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. مىن شۈدى
قاتارلىقلار بۇنى ئىنتايىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، يىغىن جەريانى-
دا ما چىڭشىياڭ ئارمىيىسىنى "ئىنتىزامى قاتتىق، شىنجاڭ ۋە
تۇڭگان خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. بىز كور-
پۇس كوماندىرى ماچىڭشىياڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى تاما-
مەن ھىمايە قىلىمىز" دەپ تەشۋىق قىلدى. مۇشۇنداق بىرلا
ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ
ھەممىسى ماچىڭشىياڭنىڭ رەئىس بولۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى
بىلدۈرۈشتى. ماچىڭشىياڭ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇ-
شاللىقى ئىچىگە پاتماي، ما بۇفاڭنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغانلى-
قىنى ئېيتتى. بىراق قۇۋ - ھىيلىگەر ما بۇفاڭ ئالىقاچانلا
ئوغلى ماجيۇەننىڭ 82 - كورپۇسىنى شىمالى شىنجاڭدا تۇرغۇ-
زۇپ، ئاتلىق 5 - كورپۇسنى جەنۇبى شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ،
شىنجاڭنى يالغۇز بېسىۋېلىش ۋە ئوغلىنى ئۆلكە رەئىسى قى-

لىش كويىدا ئىدى. ئۇ، ما جۇڭشياڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش
ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ما جۇڭ-
شياڭغا تېلېگرامما يوللاپ پۇرسەتنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن-
لىكى، ھازىرچە يولۋاسنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تۇرۇشقا بولى-
دىغانلىقىنى ئېيتتى. ماجۇڭشياڭ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئال-
غاندىن كېيىن، يولۋاسقا ئۈرۈمچىگە مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاش-
قا كېلىش توغرىسىدا تېلېگرامما بەردى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ
بۇ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ، بۇرھان ئۆلكە
رەئىسى بولدى.

1948-يىلى ما بۇفاڭ غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي
باشلىقى بولغاندا، ماجۇڭشياڭ ئاتلىق 5-دىۋىزىيە بىلەن ۋاقىتلىق
ئاتلىق 1-دىۋىزىيە ما بۇفاڭ ئۈچۈن تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈ-
زۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىغا مەدەت بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق
بەردى. ئۇ ئۆزى بولسا ئۈرۈمچىدىكى كورپۇس شتابىدا رەڭگارەڭ
چىراق-لوزۇنكىلارنى ئېسىپ، قوي-كالىلارنى سويۇپ،
داغدۇغىلىق تەبرىكلەش زىياپىتى بەردى. ماجۇڭشياڭ بۇ پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ ما بۇفاڭنى "غەربىي شىمالنىڭ نىجات يۇلتۇزى،
غەربىي شىمالنىڭ ئۇلۇغ داھىسى" دەپ كۆككە كۆتەردى. گەرچە
ئەنە شۇنداق ئەسەبىلەرچە كۆرەڭلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر-
بىي، خەلقنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان گومىنداڭنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى
تۇيۇپ، ئاغزىدا ئۇنىڭغا ھەدەپ قويسىمۇ، كۆڭلىدە باشقىچە
چوت سوقۇشاتتى ھەم ئارقىدا: "بۈگۈن بولار بۇندا تەبرىك
بەزمىسى ئۆتكەزسە، ئەتە ماتەم قايغۇسىغا قالىدۇ" دېيىشەتتى.
ما بۇفاڭ غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي باشلىقى بولغان
بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئۇنىڭ گەپىنى بىر تىيىنگە ئالمايتتى.
ئەينى چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ توغرىدا ھېچقانداق خە-



ۋەر ئېلان قىلمىغان ئىدى. ما جۇڭشياڭ ھەر كۈنى تەلمۈرۈپ
كۆزى تېشىلەي دەپ، غەزىۋىنى باسالماي قالدى. شۇڭا بىر
قېتىملىق زىياپەتتە، گېزىتخانا باشلىقىغا مېنىڭ نامىمدىن پاي-
دىلىنىپ: "بىزنىڭ جەن تۈەنجاڭ: ما جاڭگۈەن غەربىي شىمال-
نىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» بۇنى
خەۋەر قىلمىدى. مەن ئىككى دانە بومبا بىلەن
گېزىتخانىنى پارتلىتىۋېتىمەن، دەيدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن
گېزىتخانا مەجبۇرى ھالدا ئىككىنچى كۈنى ناھايىتى قىسقا
خەۋەردىن بىرنى ئېلان قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا ماجۇڭشياڭ مىللىي، دىنىي مۇناسىۋەتلەر-
دىن پايدىلىنىپ تۇڭگانلارنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرىدىن
ماشۇجى، ئەيسا، ماگويى قاتارلىق 30 نەچچە كىشىنى قۇترى-
تىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق سوغاتلارنى ئالدۇرۇپ،
مابۇفاڭنى مۇبارەكلەپ بېرىشقا ۋە شەرقىي گەنسۇغا بېرىپ
82-كورپۇستىن ھال سوراشقا ماڭغۇزدى. شۇ چاغدىكى شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا
قاراشلىق تۇڭگان پولكىنىڭ كوماندىرى جەن فۇشۇ، ئورۇن-
باسارى ماشۇجى ۋە پولك كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى ××
قاتارلىقلار پۈتۈن پولك نامىدىن مابۇفاڭغا بىرلەشمە خەت
يازدى ھەم ياخشى گىلەم ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە سۆزلىرى
توپلانغان توپلامدىن بىرنى قوشۇپ ئەۋەتىپ، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى
تۇڭگان خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى
بىلدۈردى. ھال سوراش ئۆمىكى شىنىڭغا قاراپ يولغا چىق-
قاندا، ماجۇڭشياڭ ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پائالىيەت
راسخودى بەردى ھەمدە مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىش ئۈچۈن مەخسۇس

داۋوجى ماشىنا بەردى. شىنىڭغا يېتىپ بارغاندا، مابۇفاڭ بەكمۇ خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ ھال سوراش ئۈمىگىنى خۇاڭ جۇڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېزىز مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋالدى ۋە نۇرغۇن سوغاتلار بىلەن ئۆزىنىڭ رەسمىنى ھەدىيە قىلدى.

## ئەپيۇن ئېلىپ - سېتىش

مابۇفاڭ بىلەن ماچىڭشياڭ ئىقتىسادى مەسىلىدە ئالدى بىلەن پۇل ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادى كۈچىنى كېڭەيتتى. شىنجاڭدىكى ئەپيۇن سودىسىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، مابۇفاڭ بىلەن ماچىڭشياڭ رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن "ھەربى ئىنتىزامنى ساقلاپ، ئارمىيىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش" نامى بىلەن پۈتۈن كورپۇستىكى كوماندىر - ئەسكەرلەرگە، ھەر قانداق كىشىنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت يوق دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەپيۇن ئېلىپ - سېتىشنى ھەممىدىن بەك چەكلىدى.

يۈرۈش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، قوشۇندا بىر قېتىم تۇيۇقسىز چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە ھېچنىمە تېپىلمىدى. ئاتلىق 5 - كورپۇس شىنجاڭغا كىرگەندە، ئۆز كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مابۇفاڭ يەنە يى چاڭشۇ پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بىلەن ماگوۋۇ توپچى پولكىنى كەينىدىن ئۇلۇشۇپ كېلىدىغان قىسىم قىلىپ ئېۋەتتى. ماگوۋۇ، يى چاڭشۇلار شىنجاڭغا كىرگەندە جاڭ فامىلىلىك بىر ئاخۇننى



(داتۇڭ ناھىيىسىدىن) ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇ خېلى جىق ئەپيۇن ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، بۇنى مابۇفاڭ سېزىپ قالدى ۋە تېلېگرامما ئارقىلىق ماچىڭشياڭغا ئۇنى كېچىدە ئاتخانىدا مەخپى ئۆلتۈرۈپ، جايىغا كۆمۈپ تاشلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ماچىڭشياڭ كورپۇس شىتاپ باشلىقى جاڭ زۇڭشەننى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەپيۇنكەشلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يوشۇرۇن ئەپيۇن سودىسى قىلىشقا سالدى. ئەينى ۋاقىتتا، بىر سەر ئەپيۇننىڭ قىممىتى بىر سەر ئالتۇندىنمۇ يۇقۇرى ئىدى. ئۇ پەقەت بىر قېتىم ئەپيۇن سېتىش بىلەنلا نەچچە مىڭ سەر ئالتۇن پايدا ئالدى. مابۇفاڭ شەخسىيەتچى، ئاچكوز بولۇپ، پۇل دىسە جېنىنى بېرەتتى، ئۇ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن دادوجى ماشىنىلار بىلەن ھەربى لازىمەتلىكلەرنى توشۇشنى بانا قىلىپ، ئادەملىرىنى چىڭخەي بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا مال توشۇتقۇزدى. ماچىڭشياڭ ئۆزىنىڭ يېقىن كانىۋايى ماچۈنيى بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن پولكىنىڭ كوماندىرى سۇدېچىڭ قاتارلىقلارنى ئېۋەتىپ، رەخت، ھەربى ئاياغ توشۇشقا نازارەت قىلىپ مېڭىش نىقاۋىدا ئەپيۇن توشۇپ، جەنۇبى، شىمالى شىنجاڭدا خالىغانچە ساتقۇزدى. دەل شۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا گەنسۇ، نىڭشا ئۆلكىلىرىدىن بىر تۈركۈم ئەپيۇنكەش سودىگەرلەر ئېقىپ كىردى. مابۇفاڭ بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەپيۇن سودىسىغا زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ ھېساپلاپ، ماچىڭشياڭغا ئۇلاردىن ئېغىر باج ئېلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ماچىڭشياڭ يەنە كورپۇس لاۋازىمات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فىڭلىن قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇپ، شۇ خىلدىكى سودىگەرلەرنى

قاتتىق قىيناپ، ئۇرۇپ، مەجبۇرى بولاپ - تالىدى. بۇنىڭ بىلەن
كوپ مىقداردىكى ئەپيۇن ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كەتتى. ئېلىنغان ئەپيۇن بېجى 200 سەر ئالتۇنغا يېتىپ،
ماجۇڭيىڭ بۇنى كانىۋايى ماچۇنيى ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن
مابۇفاڭغا ئېۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئەپيۇنكەش
سودىگەرلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنىمۇ سېتىپ تۈگۈتۈپ
كوچا سەرگەردانلىرىدىن بولۇپ قالدى. بەزىلىرى شەپىنى
سەزگەندىن كېيىن، جەنۇبى شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنى
دالدىغا ئالدى. مابۇفاڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ، ئوغرىنىڭ يۈرە-
گى پوك - پوك دىگەندەك، ھامان بىر كۈنى بۇ جىنايى قىلمىش-
لىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئاپتوموبىللارغا قەستەنگە "ئاتلىق 5 - كورپۇس
ئاپتوموبىلى" دەپ يېزىپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن يول بويىدىكى
تەكشۈرگۈچى خادىملار ئۇلارنى تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.
بىر قېتىم شىڭشىڭشادا تەكشۈرگۈچى خادىملار ئاپتوموبىلنى
تەكشۈرمەكچى بولغاندا، نارازەت قىلىپ مېڭىۋاتقان قورالىق
خادىملار ئوق چىقىرىپ ھەيۋە قىلغان. نەتىجىدە تەكشۈرگۈچى
خادىملاردىن ھېچكىم يېقىن بارالمىغان. ماقوشۇنى باشقىلارنىڭ
بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياق قاچىلايدىغان ياغاچ
ساندۇقنى ئىككى قەۋەت قىلىپ ياساپ، ئاستىنقى قەۋىتىگە
توشقىچە ئەپيۇن، ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئاياق قاچىلايتتى.

## مەدەنىيەت جەھەتتە

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، سىياسى، ھەر-
بى، ئىقتىسادى جەھەتلەردە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپلا قالماي،



بەلكى مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىمۇ ئېلىپ باردى.
ماجۇڭيىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن،
مەدەنىيەت جەھەتتە ئاكتىپ ھالدا قول چوماق ئىزلەپ، تۇڭگان
ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ماگويى، ئورۇنباسارى ماسىبو ۋە مالىك
قاتارلىق زىيالىلارنى ئۆزىگە تارتىپ، نۇرغۇن ئىش ھەققى
بېرىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ماسىبو يۈننەنلىك
بولۇپ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مالياڭجۇن ئاخۇنغا بېقىن-
نىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە بىر قىسىم ماقالىلارنى ئېلان
قىلغان ۋە تارىخ، جۇغراپىيىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاپ،
ماجۇڭيىڭ، مالياڭجۇن، ماگويى قاتارلىقلارنىڭ ئېتىۋارىغا سازاۋەر
بولغان ئىدى، بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ ماسىبوغا ئالاھىدە
زوقلىنىپ، ئۇنى ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ ئىش بېجىرىش باشقار-
مىسىدا تورۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مېھمان قاتارىدا مۇئامىلە
قىلغان. (ئەينى ۋاقىتتا مەن تۇڭگان پولكىنىڭ كوماندىرى
ئىدىم ھەم قوشۇمچە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ كەسپى
ئىشلىرىنى باشقۇراتتىم.) شۇنىڭدەك ماڭا ئۇنى كورپۇس شىتاۋى-
نىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە جەلىپ قىلىش ھەققىدە يول-
يورۇق بەرگەن ئىدى، كېيىن ئۇنى ئاتلىق 5 - كورپۇس
سىياسى خىزمەت باشقارمىسىغا شاۋجىياڭ (گېنېرال مايور —
ت) دەرىجىلىك باشقارما باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، مالىك
ئىچكىرىدىن كەلگەن زىيالى ئىدى. ئۇ ماجۇڭيىڭغا خەنزۇچە
يېزىقنى لاتىنچە ئىسلاھ قىلىش تەكلىۋىنى بەرگەن. ماجۇڭ-
يىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ كۈچىنى تەرەققى قىلدۇرۇش
ئۈچۈن، بۇ ئادەملەرگە باشقىچە كوزدە قارىدى. ئادەم ئېۋەتىپ
ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى يۈننەن، بېيجىڭدىن مۇھاجىرەت

قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرۈپ كورپۇس شىتابىغا ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ماسىبو قاتارلىقلار ماچىڭشياڭ نىمە دىسە خوش دەپ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپتى. ماچىڭشياڭ ماسىبوغا «چى فىن» («ئاۋانگارت ئاتلىق ئەسكەرلەر»ـــت) ژورنىلى چىقىرىپ، پائال تەشۋىق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، مەخسەت "شىنجاڭنى قوغداش، باشلىققا بويسۇنۇش" نى تەشۋىق قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كوماندىر، ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىخوتلاشتۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماچىڭشياڭ يەنە كۆپ مىقداردا پۇل خەجلەپ، شاڭخەيدىن ئويۇن قويۇشقا كېرەكلىك ساندۇق، دىكىراتسىيە بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ، نامى بار ئەرتىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ۋە بەزىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىدە كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان «چى فىن» تىياتىر ئۆمىكىنى قۇرۇپ، كەڭ ئاممىغا فىئودال ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تىزگىنلەشتىكى مەدەنىيەت ئاساسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە، بىر قەدەر چوڭ بولغان ئاخبارات ئاپپاراتى قۇرۇشنى پىلانلاپ، ئىچكىرىدىن باسما ماشىنىسى ۋە بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالماقچى بولدى. ماچىڭشياڭ دائىم بىزگە: "شىنجاڭدا ئۇزۇنغىچە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن كۈچىمىزنى ئارتتۇرۇشىمىز زۆرۈر. لېكىن، سىياسىي تەدبىرلەر تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ" دەيتتى، شۇڭا ماچىڭشياڭنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلەش ئىستىراتېگىيىسى سىياسىنى ئاساس، ھەربىينى ياردەمچى قىلىش ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا قول سېلىپ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش ئىدى. ئۇ مىللىي، دىنىي مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ،



ئۈرۈمچىنىڭ نەنگۇەندىكى تۇڭگانلار يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقان رايونىدا بىر تۇڭگان باشلانغۇچ مەكتىۋىنى قۇرۇپ، تۇڭگانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا 200 دەك ئوسمۈر، بالىلارنى قوبۇل قىلدى، ئوقۇغۇچىلارغا لازىملىق بولغان كىتاپ ۋە باشقا تاماق، ياتاق راسخوتلىرىنى ئاتلىق 5 - كورپۇس تەمىنلىدى ھەمدە كورپۇس شىتابىنىڭ شاڭشياۋ (پولكوۋنىك ــ ت) دەرىجىلىك كاتىۋى ۋاڭمىڭيانى بۇ مەكتەپكە مۇدىرلىككە تەيىنلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا "مابۇفاڭ داھىمىز، ئاتلىق 5 - كورپۇس تايانچىمىز، يەر شارىدىكى تۇڭگانلار ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىمىز" دىگەن چىرىك، فىئودال ئىدىيىۋى تەربىيىنى سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاتلىق 5 - كورپۇس پۇل چىقىرىپ تۇڭگانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا بىر تۇڭگان ئوتتۇرا مەكتىۋى سېلىپ، تۇڭگان ياشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گۇرۇھىغا سادىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرمەكچى بولدى. مەكتەپ بىناسىنىڭ يېرىمى پۈتۈپ تېخى قۇرۇلۇشى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا شىنجاڭ ئازات بولدى.

شىنجاڭدا ئازاتلىقتىن بۇرۇن، ماچىڭشياڭ يەنە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىكى ئىچكىرىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى پائال ئۆزىگە تارتتى. ھەر قېتىمقى ھېيتلاردا ئۇلارنى كورپۇس شىتابىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ زىياپەت بېرىپ، بىللە كۆڭۈل ئېچىپ، ئانچە - مۇنچە خەير - ئېھسان بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى.

## دىننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش

ماچىڭشياڭ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، "مىللىي دىنىي قوغداش" نىقاۋى

ئاستىدا دىنى ساھەدىكى بىر قىسىم ئاخۇنلارنى پائال ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان ئۈرۈمچىنىڭ نەنگۇەن رايونىدا 24 مەسچىت بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىتى شەنشى مەسچىتى دەپ ئاتىلىپ، ئىمامى مالياڭجۇن (تەپتىش) ئىدى. ئۇ، دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاما ئىچىدە يۇكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تۇڭگان مەسچىتلىرىنىڭ ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، خېلى زور جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ماچىڭشياڭ بارلىق تەدبىرلەرنى قوللۇنۇپ، مالياڭجۇننى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭغا خۇرۇمدا قاپلانغان بىر پوۋۇسكا تەقدىم قىلدى ۋە مۇھاپىزەتچى بەردى. بۇ مۇھاپىزەتچى ماۋزىر ئېسىپ، ھەممە يەردە ئۇنىڭ يېنىدا بولدى. مالياڭجۇن ئىسلام دىنىغا ئائىت ئاسترونومىيە، تارىخ، ئېتىقات قاتارلىق مەزمۇندىكى ماتىرىياللارنى يازغان ئىدى. ماچىڭشياڭ ئۇنىڭغا راسخوت جەھەتتە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشتى. مەيلى قانداق ھېيت - بايرام كۈنلىرى بولسۇن، ماچىڭشياڭ بىزنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇبارەكلەيتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ بېرىپ يوخلاپ تۇراتتى. شۇڭا مالياڭجۇن ماچىڭشياڭ ۋە ئاتلىق 5 - كورپۇسنى مەيلى ھوكۇمەت سورۇنلىرىدا بولسۇن ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، جىنىنىڭ بىرىچە ماختاپ، كوككە كوتۇرۇپ تۇردى. تۇڭگان پولكىنى تەسىس قىلىش پەيتىدە ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى ناھايىتى تەس بولدى. شۇ چاغدا ماچىڭشياڭ مالياڭجۇنى ئۆزىگە ۋاكالەتەن ئاممىغا تەشۋىق قىلغۇزۇپ، ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ تۇڭگان پولكىغا ئەسكەر



ئېلىش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتۇرغانلىقتىن بۇ ئىشتا بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ھالدا مەخسەتكە يەتتۇق. ماچىڭشياڭ دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنى ئوز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەر جۈمە كۈنى بىزنى بۇيرۇق بىلەن تۈركۈملەپ شەنشى مەسچىتىدا جۈمە نامىزىغا قاتناشتۇردى. بەزىدە ئايىرىم ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتىگە بېرىپ نامازغا قاتناشتۇق. ھېيت كۈنلىرىدىمۇ ھەر قايسى چوڭ مەسچىتلەرگە بېرىپ مۇبارەكلىدۇق، ماچىڭشياڭ مىللى دىن ئارقىلىق تىزگىنلەش مەخسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى خېجۇ مەسچىتىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى ئاخۇن ئېۋەتتى. بىرسى. خېجۇ مالىيەنتەنلىك ئادەم بولۇپ، چىڭخەيدىن كورپۇس بىللە كەلگەن ئىدى. يەنە بىرسى جىمسارلىق ليۇ ئاخۇن بولۇپ، ئۆزۈندىن بۇيان سانجىدا تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇنى مەن ماچىڭشياڭغا خوتۇنى ۋاڭ سىلەنگە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىشكە (ۋاڭ سىلەن ئەسلىدە خەنزۇ بولۇپ ماچىڭشياڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، چوڭ ئىشپىيون ليۇ خەندۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ماچىڭشياڭغا نىكالانغان) تونۇشتۇرغان ئىدىم. مالىيەنتەنلىك ئاخۇن خېجۇ مەسچىتىدا ئىماملىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، دىنى مەزھەپلەرنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، كونا مەزھەپكە زەربە بېرىپ، يېڭى مەزھەپنىڭ ئىناۋىتىنى ئوستۇرۇپ، خۇيزۇ مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەزھەپ پارچىلىنىشىنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە ئاما ئىچىدىمۇ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى. ماچىڭشياڭ ئۈرۈمچىدىلا شۇنداق قىلىپ قالماستىن، گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ۋاقىتلىق 1 - دىۋىزىيىگە ئۇ جاينىڭ دىنى پائالىيەتلىرىنى

كونترول قىلىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ماچىڭشىياڭ شىنىڭ مىچىتى بىلەن سالا
مىچىتىنى مەن ئارقىلىق تۇڭگان ئاممىسى ئىچىدە
ئىئانە يىغىپ رېمونت قىلدۇردى. ئىشتىن كېيىن بۇ ئىككى
مىچىتتىكى دىنى زاتلار خەلق نامىدىن ماچىڭشىياڭ بىلەن
ماڭا قىزىل تۇۋار لەۋھە ۋە باشقا سوغىلارنى تەقدىم قىلدى
ھەمدە ماچىڭشىياڭنى بۇ ئىككى مىچىتنىڭ رەئىسلىگىگە، مېنى
بىر مىچىتنىڭ ئورۇنباسار رەئىسلىگىگە تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭ
بىلەن ماچىڭشىياڭنىڭ دىنى تەسىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. ماچىڭ ـ
شىياڭ شىنىڭ مىچىتىنىڭ ئاخۇنىنى شەنشى مىچىتى بىلەن
سالا مىچىتى نامىدىن بۇ ئىككى مىچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەكلىپ
قىلدى . ئۇ "سالا مىچىتى"، "شىنىڭ مىچىتى" دىگەن ئىسىم ـ
لارنىڭ سەل تار مەنىدە ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ، ماڭا يول ـ
يورۇق بېرىپ "شىنىڭ مىچىتى" نى "شۇنخۇا مىچىتى" گە،
"سالا مىچىتى" نى "چىڭخەي مىچىتى" گە ئۆزگەرتتۈردى.
شۇنىڭدەك سالا مىچىتىدە ئوقۇۋاتقان باللارنى شىنىڭ مىچى ـ
تىگە قوشۇۋەتتى ، بۇنىڭ بىلەن دائىرە بىر قەدەر كېڭىيىپ،
دىنى كۈچ تېخىمۇ زورىيىپ، دىنى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ
كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغۇلدى. لېكىن،
ئۇنىڭ بۇ خىل پارچىلاش سۈيىقەستلىرى جەمىيەتتىكى ئاما
تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ، كەسكىن قارشىلىققا ئۇچرىدى. شۇڭا
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش سۈيىقەستى
ئەمەلگە ئاشمىدى، 1947 ـ يىلى ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلاندى، جياڭ جيېشى خاندانلىقى قىلىنىڭ ئۇستىدە
لىڭشىپ قالدى، لېكىن ئەكسىيەتچى، ھوكۇمران سىنىپلار



ئۇزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. روزى ھېيت كۈنى
ماچىڭشىياڭ، مەسئۇد، ئەيسا، ماگويى قاتارلىقلار ئاممىنى قايمۇق ـ
تۇرۇپ ھېيت نامىزىغا، شەھەر ئىچىدىكى مەيدانغا يىغدى ۋە
شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنىڭ مىللى
دىنىنى قوغداش جەھەتتە ئوينىغان رولىنى تەشۋىق قىلىپ،
تېرە تاراخشتىپ، ئۇز تەسىرىنى كېڭەيتتى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرىۋاتقاچقا،
ھەربى، خەلق جىددىلىشىپ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغان ئىدى.
ماچىڭشىياڭ قاتارلىقلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى
سېزىپ، كۆتۈلمىگەن ئۇزگىرىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
زور تۈركۈمدىكى تاپانچا بىلەن قوراللانغان قوشۇننى پۇخراچە
كىيىندۈرۈپ، مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا ئېھتىيات ئۈچۈن ئورۇن ـ
لاشتۇرۇپ، زورۇر تېپىلغاندا قانلىق باستۇرۇشقا تەييارلاپ
قويدى. نەتىجىدە بۇ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

# شىڭ شىچەي بىلەن چېن شيۇيىڭنىڭ ئۆلۈمى ۋە باشقىلار

ليۇيىڭلىك

تەھرىر ئىلاۋىسى:

شىڭ شىچەينىڭ ئۆلۈمى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن بىر سىياسى سۇيىقەست ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تارىخى ھەقىقىتى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە. بەزى كىتاپ - ژورناللاردا بۇنى شىڭ شىسەي جىياڭ جىيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش، سوۋېتكە ۋە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قەستەن پەيدا قىلغان دەپ قارالدى. ئەمما بۇ ئاساسسىز بولۇپ، پەقەت پەرەزدىنلا ئىبارەت. ئۇندىن باشقا، شىڭشىچەينىڭ كىچىك قىزى تاپانچا ئويناۋېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن شىڭ شىچەينى ئېتىپ قويغان دېگەن قاراشلارمۇ بار. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن مىش - مىش گەپلەر بولۇپ، بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئېنىق ماتېرىيال يوق. ليۇيىڭلىڭنىڭ بۇ ماقالىسى شىڭ شىچەينىڭ ئايالىنىڭ ئاكىسى چېن يۇجاڭ ھايات ۋاقتىدا ئىگەللىگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن يېزىلغان. چېن يۇجاڭ



بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى بولمىسىمۇ، لېكىن شىڭ شىچەينىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ تەمىنلىگەن ئەھۋاللاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ھازىر بىز "خىلمۇ - خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ‌رسۇن" دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق، بىر تەرەپتىن ئەھۋالنى بىلگۈچىلەرنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن داۋاملىق تەمىنلىشىنىمۇ ئۈمىت قىلىمىز.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا 10 يىلدىن ئارتۇق ھوكۇمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سوز ئاچساق، ناھەق ئەنزە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە قاماپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنتايىن قارا نىيەت، زەھەرخەندە بولۇپ، ئۆزى سىياسى رەقىپ ھېساپلىغانلارنى مەيلى ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا يول قويغىنى يوق. بۇ پاكىتنى ئۇنىڭ ئۆز ئىنىسى شىڭ شىچى، كېلىنى چېن شيۇيىڭ ۋە كىچىك قېينى ئانىسى ياۋجىجۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئېنىق كورىۋالغىلى بولىدۇ.

شىڭ شىچى شىڭ شىسەينىڭ 4 - ئۇكىسى بولۇپ، ياپونىيە ھەربى مەكتىۋىدە ئوقىغان. شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربى، سىياسى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇنى مۇھاپىزەتچىلەر پولكىنىڭ تۇەنجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى. كېيىن، شىڭ شىچىنى موسكۋاغا ئوقۇشقا ئېۋەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر نەچچە يىل ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينى ماشىنىلاشقان بىر بىرىـ

گادىلىق (لۈي) قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ماشىنىلاشقان بىر بىرىگادا قۇرۇپ، شىڭ شىچىنى بىرىگادا كوماندىرى (لۈيجاڭ) قىلىپ تەيىنلىدى. بىراق كېيىن ئۇ نېمە ئۈچۈن شىڭ شىچى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆلتەردى؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىڭ شىچى بىر قېتىم شىڭ شىسەي بىلەن بولغان سوھبەتتە: مەن موسكۋادا ئوقۇش جەريانىدا، سوۋېت روسىيەسىنىڭ ساختا مۇئامىلىسىنى تونۇپ يەتتىم، ئەينى ۋاقىتتا سەن يېڭىلا مەنسەپكە چىققاندا، شارائىت ئەنە شۇنداق بولغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايانماي بولمايتتى. لېكىن بىز قانداقلا بولمىساق جۇڭگولۇق، ھېمىشە چەتكە يۆلۈنىۋەرسەك ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئېيىپلىشىغا ئۇچرايمىز. بۇ تەرىپىگە دىققەت قىلىش كېرەك، دىگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا شىڭ شىسەي يەنىلا سوۋېتكە مايىل ئىدى. شۇڭا شىڭ شىچىنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلاپ، بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمەيدۇ، ئەمما شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، ئىنىسىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شىڭ شىچى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، ئۇنىڭ 2 - 3 - ئاكىسى پىكاپ بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىدىن نەنخۇايۈەندىكى شىڭ شىچى تۇرۇشلۇق جايغا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا شىڭ شىچى ئىشتىن قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئاپىسىنىڭ يېنىدا ۋاقىت ئوتكۈزىدۇ. چۈشتە شىڭ شىچى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئايالى چېن شيۇيىڭ (ئۇلار بىر - بىرىگە بەكمۇ مېھرىبان ئىدى.) بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كەچتە نېمە يېگىنى بارلىغىنى سورۇشتۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەتكارنى لۈيجاڭنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن تېزراق كېلىپ ئوتۇكلىرىنى يەشمىدى دەپ كايىيدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىچى كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولۇپ،



كارۋات ئالدىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كارۋاتتا ئويناۋاتقان كىچىك قىزىنى ئەركىلىتىۋاتقان ئىدى. چېن شيۇيىڭ ئۇنىڭ تاپانچىسىنى كىچىك قىزىنىڭ ئوينىشىغا بەرگەنلىگىنى كورۇپلا چىرايى تاتىرىدۇ - دە، تاپانچىنى تارتىۋېلىپ تامغا ئېسىپ قويىدۇ ۋە غودىرىغان ھالدا: تاپانچا دىگەن كىچىك بالا ئوينايدىغان نەرسىمۇ؟ ئۇنىڭغا بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ دەيدۇ. شىڭ شىچى: نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ تاپانچىدا ئوق يوق، دەيدۇ. چېن شيۇ يىڭ: تاپانچىغا ئوق سېلىنمىغان بولسىمۇ، كىچىك بالىغا بەرگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ - دە ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئوتمەيلا، تۇيۇقسىز ئويدىن تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. دەرھال ئويگە يۈگۈرۈپ كىرىپ شىڭ شىچىنىڭ كىچىك ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ يەردە ياتقانلىغىنى، بېشىنىڭ ئىككى يېرى يارىلىنىپ قان ئېقىۋاتقانلىغىنى، بالىنىڭ قورقۇپ كېتىپ كارۋاتتا يېتىپ يىغلاۋاتقانلىغىنى كورىدۇ. ئۇ تېخى ئەھۋالنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، ئىچكى قورودا مومايىنىڭ قېشىدا تۇرغان شىڭ شىچىنىڭ 2 - 3 - ئاكىلىرى 4 - ئۇكىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كورۇپ، دەرھال تېلېفون ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىدۇ. شىڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يارىسىنى سوراپلا، تېزدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزۇشقا يوليۇرۇق بېرىدۇ ۋە يەنە ۋەقە يۈز بەرگەن مەيداندا كىم بار ئىدى دەپ سورايدۇ. ئۇلار: چېن شيۇپىڭ بىلەن بالىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شىڭ شىسەي: سىلەر ئىككىڭلار كىچىك ماشىنىدا بېرىڭلارغۇ؟ شۇ ماشىنا بىلەن چېن شيۇيىڭ ۋە بالىنى دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن چېن شيۇيىڭنىڭ گېپىگىمۇ

قۇلاق سالماستىن، دەرھال ماشىنىغا سىلىپ شەھەرگە ئېلىپ
كىردى. ئۇ يەردىن خىرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى ئەك
ئەشەددىي تۈرمىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە چىن شيۈيىڭغا، ئىررىنى
سىياسى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن دىگەن بەدنامنى چاپلاپ
قاتتىق قىيناپ سوراق قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرى چوشقا يايلىسىدا
ئىشلىگەن قىل ئاغامچا بىلەن چىن شيۈيىڭنىڭ چاتىرىغىدىن
ھەرىدەپ، بىلىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى شەلۋەرتىپ ئۆلتۈرۈدۇ.
شىڭ شىچى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي سىرت
تىكىلەرگە :شىڭ لۇيجاڭ بالىسى ئۇيناۋاتقان تاپانچىدىن ئۇشتۇمتۇت
چىقىپ كەتكەن ئوق تېگىپ ئۆلگەن دەپ جاكالايدۇ. ئارىدىن
بىر كىچە ئۆتۈپلا، شىڭ لۇيجاڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن سۇيىقەست
قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قايتا جاكالايدۇ.
شىڭ شىسەي قاتتىق گۇمانخور بولۇپ ھەر قانداق كىشىدىن
خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىمۇ ئۇزۇنراق
ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ مەخسۇس ھاجەتخانىسى بار ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ھاجەت
خانىغا بارغاندا، كوپلىگەن مۇھاپىزەتچىلەر مىلتىق تۇتۇپ پوستا
تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇھاپىزەتچىسىنى ئەترەت
باشلىقى قىلاتتى. بۇ ئادەم ئىككى دانە ماۋزىر بىلەن ئۇنىڭ
ئالدىدا خالانىڭ ئىشىگى ئالدىغا باراتتى. بۇ مۇھاپىزەتچى
ئالدىغا قاراپ تىك تۇرۇپ ئۇنى ئۈتكۈزەتتى. قالغان مۇھاپىزەتچىلەر
مىلتىقلىرىنى راۋرۇس تۇتۇشۇپ تۇت ئەتراپىغا كوز
قۇلاق بولۇپ تۇرىشاتتى. ھەر قانداق كىشىنىڭ كەينىگە قايرىلىپ
قارىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي خالانىڭ
ئاچقۇچىنى قولىغا ئېلىپ، ئىشىكنى ئوز قولى بىلەن ئاچاتتى.



زوڭزۇيۇپ ئولتۇرغاندىمۇ ئىشىكنى ياپمايتتى، ھەر قېتىم شۇنداق
قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ تەرەتكە ئولتۇرۇپلا "قاتىل" دەپ ۋاقى
رايدۇ. ئىككى تەرەپتىكى مۇھاپىزەتچىلەر بۇرۇلۇپ ئاۋاز چىققان
تەرەپكە قارىغىدەك بولسا، شىڭ شىسەي ھېلىقى ئەڭ ئىشەنچىلىك
مۇھاپىزەتچىسىنى قولى بىلەن كورسىتىپ تۇرۇپ، "نىمىشقا ئاتـ
مايسىلەر؟" دەپ ۋاقىرايدۇ. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇ كورسەتكەن
ئادەمگە قارىتىپ تەڭلا ئوق چىقىرىدۇ. ھېلىقى ئەڭ يېقىن مۇ-
ھاپىزەتچى دەرھال جان بېرىدۇ. شىڭ شىسەي مۇھاپىزەتچىلەرگە:
"جەسەتنى دەرھال ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، سىلەر بۇ ئىشنى
قاتتىق مەخپى ساقلاڭلار، ئەگەر بۇنى ئاشكارىلاپ قويساڭلار
كاللاڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار" دەيدۇ - دە، ئاچچىغلانغان ھالدا
كېتىپ قالىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ھېلىقى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈلگەن مۇھاپىزەتچىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ مەخپى بۇيرىغى
بىلەن شىڭ شىچىنىڭ كارۋىتى ئاستىغا مۆكۈنۋېلىپ، شىڭ شى
چىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىگى ئاشكارىلىنىدۇ. شىڭ
شىسەي ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش چارىسىنى
قوللۇنۇپ ھېلىقى مۇھاپىزەتچىسىنى شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈپ تاش
لىغان. يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى چىن يۈيجاڭ ماڭا سوزلەپ بەرگەن
ئىدى. چىن يۈيجاڭ لەنجۇلۇق بولۇپ، چىن شيۈيىڭنىڭ ئاكىسى
ئىدى. مەن بىلەن تونۇشاتتى. ئەپسۇسكى بۇ كىشى ھازىر ۋاپات
بولۇپ كەتتى. ئولمىگەن بولسا، شىڭ ئائىلىسىدىكى نۇرغۇنلىغان
مەخپىيەتلىكلەرنى سوزلەپ بەرگەن بولاتتى.
ياۋجىجۇڭ شىڭ شىسەينىڭ قېينى ئاتىسى چيۇزۇڭجۇنىڭ
كىچىك خوتۇنى بولۇپ، خاربىندىكى بىر پاھىشىخانىدىن 20 تەڭ
گە كۇمۇش پۇلغا سېتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئەشۇنداق بولسىمۇ، لېكىن چيۇزۇگجۇن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. چوڭ خوتۇنى ئىككى قىز، بىر ئوغۇل تۇغقان بولۇپ چوڭ قىزى چيۇيۇيفاڭ شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنى ئىدى. چيۇ يۇيفاڭ ئوكتەملىكتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىكتە ئۇرغۇنلىغان گۇناسىز كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان ئىدى. ئوغلى چيۇيۇشيۇڭ تازا ئالا قانات شاۋيە ئىدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭغا دۇبەن بولغاندىن كېيىن چيۇ ئائىلىسى ۋە ۋاڭ ئائىلىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كەلدى. چيۇنىڭ چوڭ خوتۇنى ئەرنىڭ ئالدىدا، كىچىك خوتۇنغا قارىغاندا 2 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن چيۇيۇيفاڭ ئاچا - سىڭىل ئىككىسى كىچىك ئاپىسى ياۋجىجۇڭغا چىش - تىرنىغىچە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. شۇڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى چيۇ غىزا يىمەكچى بولۇۋاتقان پەيتتە، كۈتكۈچى تۇيۇقسىز چيۇغا، بۈگۈن خېنىمنىڭ (ياۋجىجۇڭنى دىمەكچى) چىرايى باشقىچە ئۆزگىرىپ قاپتۇ، نىمە ئىش بولغانلىغىنى بىلگىلى بولمايدۇ، تاماقنى ئالدى بىلەن مائۇپقا (چيۇ بېقىۋاتقان ئىتنىڭ ئېتى) بېرىپ سىناپ باقسىلا قانداق بولاركىن دەيدۇ، كۈتكۈچى شۇ سوزنى قىلىۋېتىپ بىر چىنە سەينى ئىتقا بېرىدۇ. ئىت سەينى يەپلا دەرھال زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ، ئاندىن كۈتكۈچى تېلېفون ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋجىجۇڭنى قولغا ئېلىپ خىرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى تۈرمىغا سولايدۇ. ئۇنىڭغا سىياسى ئەنزە تۇغدۇرغۇچى، پاھىشىۋاز دىگەن ئىككى قالپاقنى كىيدۈرۈپ، بارلىق قەبىھ ۋاستىلارنى قوللۇنۇپ ئىقرار قىلىشقا قىستايدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ ئىككى ئەمچىگىنىڭ ئۇچىغا چىراق ياندۇرۇپ، كويدۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ.



مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋجىجۇڭ چيۇ زۇگجۇن بىلەن غۇلجىغا بېرىپ تۇرغان كۈنلەردە كېيىم - كىچەك كارخانىسىنىڭ باشلىغى ماجاۋ بىلەن غەيرى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ماجاۋ شەرقى شىماللىقلار ئىچىدىكى چىرايلىق يىگىتلەردىن بولۇپ، ھەربى لازىمەتلىكلەر تەييارلاش جەريانىدا يالغان مەلۇم قىلىپ ئارىدىن كوپ پايدا ئېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ئالغان پايدىسىنى چيۇزۇگجۇن بىلەن مەخپى بولىشەتتى. شۇ سەۋەپتىن چيۇمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ كىرىپ - چىقىشتا بارا - بارا قورۇنمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋجىجۇڭنىڭ ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈپ قالىدۇ. ياۋجىجۇڭ ئەپيۇن چىكەتتى. بىراق چيۇنىڭ ئالدىدا ئاشكارە چېكىشنى ئەپسىز كورۇپ، ماجاۋ بىلەن بىرلىشىپ "ئىلى ئاياللار كىيىم تىكىش كارخانىسى" قۇرۇپ، ياۋجىجۇڭ كارخانا باشلىغى بولىدۇ. بۇ كارخانا ماجاۋ چاكچاكلىق قىلىدىغان كىيىم-كىچەك كارخانىسىنىڭ ئىچىگە قۇرۇلىدۇ. ماجاۋنىڭ ئالاھىدە بىر ئېغىزلىق مەخپى ئىشخانىسى بولۇپ، ماجاۋدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئوي ئىچى بىر قاتار سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەپيۇن ئەسۋاپلىرىمۇ قويۇلغان ئىدى. ياۋجىجۇڭ ھەر كۈنى كارخانىغا ئىشقا بېرىش باھانىسى بىلەن ئۇ يەرگە كېلىپ ئوزىنىڭ ئەپيۇن خۇمارىنى چىقىرىۋالىدىغان بولدى. بەزىدە تېخى ماجاۋ ئۇنى تېلېفون ئارقىلىق ئالدىرىتىپ قوياتتى. ئېرىنىڭ ئالدىدا مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر دەم نازلىنىپ قويۇپ ماجاۋ بىلەن كورۇشۇشكە كېتىپ قالاتتى. بۇ توغرىدا سىرتتا سوز - چوچەك بولسىمۇ، لېكىن چيۇنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىدىن قورقۇپ ھېچكىم ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. بۇ ئەمىلىيەتتە بولغان ئىش. لېكىن ياۋجىجۇڭدا سىياسى سۇيىقەست

بار دېيىلسە، ئۇنىڭدا بۇنداق ئىقتىدار يوق. ئەمما چيۇ نىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىگە تايىنىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلغان دىسەك ئۇنىڭغا ئۇۋال بولمايتتى، يۇقۇردا بايان قىلىنغان ياۋ جىجۇڭنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانى بىلەن ئەمچىگى ئۈستىگە چىراق يېقىپ ئولتۇرگەن ۋەقەنى چىن يۈيجاڭ ماڭا سوزلەپ بەرگەن ئىدى.

قىسقىسى، شىڭ شىسەي گۇمانلانغانلىكى كىشىدىن ھېچقاچان خاتىرجەم بولالمايتتى، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتا،كالا سۈتى ئىچەتتى، ھەر قېتىم ئىچىدىغان سۈتىنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىگە تەكشۈرتەتتى، كالىنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇراتتى، ئىچىدىغان سۈنىمۇ مەخسۇس ئىككى دانە سۇ تۈگى ئورنۇتۇپ، تۈگىلارنى ئاق رەخ بىلەن ئوراپ ئاتلىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ شىمىگودىن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم توشۇپ كېلەتتى، بۇلاققا باشقىلار زەھەر تاشلىۋەتمەسلىگى ئۈچۈن، ئادەتتىكى چاغلاردا قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ھوكۈمەت خادىملىرى ۋە جەمىيەتتىكى قىسمەن يۇقۇرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملاردىكى زاتلارنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىپ يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭمۇ ئوزىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئاسانلىقچە ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈچىلەر بىلەن شىڭ ئوز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ تېلېفوندا سوزلىشەتتى. ئوزىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ساناقلىق بىر نەچچە كىشىدىن باشقىلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ - يۈز كۆرۈشەلمەيتتى. مەنسەپتىن



چۈشۈش ئالدىدا! يېنىدىكى ئاشپەز، ساتىراچ، ئايال خىزمەتكار ۋە چاكار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن گۇمانلىنىپ ھەيدىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا خوتۇنى ئوز قولى بىلەن تاماق ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. بىر كۈنى چيۇ يۈيفاڭ تاماق ئېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ يېگىلى ئۇنىمايدۇ. چيۇ يۈيفاڭ ئارقا - ئارقىدىن يەڭ دەپ زورلىسا ئۇ يەنىلا چوكا سېلىشنى خالىمايدۇ. چيۇ يۈيفاڭ يەنە زورلاپ تاماقنى تېزراق يىمىسىڭىز، سوۋۇپ قالىدۇ، ياكى تۇز ۋە ئاچچىقسۇلىرى تېتىماپتىمۇ - يە؟ دەپ ئالدى بىلەن ئوزى يەپ تېتىپ كورۇپ، تەمى يامان ئەمەسكەن، تېزراق يەڭا، دەيدۇ. شىڭ شىسەي چيۇ يۈيفاڭنىڭ ئالدى بىلەن بىر قوشۇق تېتىپ باققانلىقىنى كورگەندىن كېيىن، ئاندىن تاماققا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ گويا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئوز خوتۇنىدىنمۇ خاتىرجەم بولالمىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

قوشۇمچە: شىڭ شىسەينىڭ بىردىن - بىر تايىنىدىغان كۈچى — ساقچىلار ئىدى. ھەر قانداق كىشىنى خالىغانچە قولغا ئالالايتتى. شۇڭا ئۇ چاغلاردا كىشىلەر مۇنداق قوشاق توقۇشقان ئىدى:

قارا ئىتلار (ساقچىلارنىڭ كىيىمى قارا بولغاچقا شۇنداق دېيىشەتتى.)
قاۋاپ كورگەن كىشىنى ئوتىدۇ تالاپ، يوقۇتايلى ئۇلارنى ئۇرۇپ،
يۇرمىسۇن ئۇلار يەنە قاۋاپ، يۇرمىسۇن خەقنى چىشلەپ - تالاپ.

شىڭ شىسەي كوپىنچە كېچىدە ئادەم تۇتاتتى. قولغا ئېلىنغانلارنى كېچىك ماشىنا بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. بۇنىڭغا قارىتا كىشىلەر مۇنداق قوشاق توقۇشقان ئىدى: بىلەلمەيتتۇق قىشلىق ئۇيقۇدا تاڭنىڭ ئاتقانلىقىنى، ئاڭلايتتۇق ھەر ياندا ئىت قاۋاۋاتقىنىنى، كېچىدە ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتۇق، بىلەلمەيتتۇق

قانچە ئادەمنىڭ تۇتۇلغىنىنى!

قولغا ئېلىنغانلارنى قاتتىق قامال قىلغىنى ئۈچۈن، ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ قايسى ئورۇنغا سولاپ قويۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەيتتى. كىشىلەر بۇنىڭغىمۇ قوشاق توقۇشقان ئىدى: سورىساق داداڭ نەگە كەتتى دەپ، ئۇچۇرۇتۇپ بالىلارنى كوچىدا، دەيتتى ئۇلار دادام مۇشۇ شەھەردە لېكىن، تۇرما كوپ بىلمەيمىز قايسى تۇرمىدا!...



# «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىكى بەزى مەسىلىلەر

لىيۇ يىڭلىڭ

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوتتۇرىسى توغرۇلۇق نۇرغۇن كىشىلەر يازدى. مەن بۇ ھەقتە كوپ توختالمايمەن. لېكىن ئوقۇغان بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى جايلىرىنى ھېس قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى يازدىم.

بەزى ماتېرىياللاردا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي "يىمپاۋ چىڭگۈڭ" ① تېغىدا ئىدى دېيىلگەن، مېنىڭ شۇ چاغدا ئاڭلىغىنىم ئۇنداق ئەمەس.

ۋەقە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، جىن شۇرېننىڭ مەھرىمى (يېقىن مۇھاپىزەتچىسى) جاۋ شۇيەن، دەل سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. ئۇ، ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا قايتىپ كېلىشىنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت مەھكىمىسىنى قوزغىلاڭچىلار ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن مەھكىمىگە

① "يىمپاۋ چىڭگۈڭ" تېغى — ئۈرۈمچى شىمالى دەرۋازىنىڭ شىمالىدىكى يامزال تاغ، ئۇ يەردە بىر پوتەي بار ئىدى.

كىرەلمەيدۇ، ئاندىن ئۇ شۇ ۋاقىتتا جىن شۇرېننىڭ ئاساسى قو-
شۇنلىرىغا باش قوماندان بولغان شىڭ شىسەي، نەنسەن، ئۇلانباي
تەرەپتە باندىتلارنى تازىلاۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەر شەھەرگە پەقەت
40 چاقىرىملا بولۇپ، ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، ئۇ يەرگە
تېزدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ، شىڭنى شەھەرگە قايتىپ قالايمىقان-
چىلىقنى تىنچلاندۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ، دەرھال ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ شۇ كۈنى ئاخ-
شامدىلا ئۇلانبايغا يېتىپ بېرىپ، شىڭ شىسەيگە سىياسى ئۆزگى-
رىشنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدۇ، شىڭ شىسەي دەرھال قوشۇن
باشلاپ شەھەرگە قايتىدۇ. ئۇ ھەربى ئادەم بولغاچقا، ئۇرۇم-
چىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكلىنى ئادەتتە ئوبدان بىلەتتى. شىڭ
شەھەرنىڭ شىمالىدىكى يىپاۋچىڭگۇڭ تېغىنى بىر قەدەر ئەپلىك
جاي دەپ ھىساپلاپ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.
ئاندىن جىن شۇرېننىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلاپ، قوزغىلاڭچى قو-
شۇنلار ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە ھۇجۇم قىلغاندا جىن شۇرېننىڭ
ئارقا تامدىن چۈشۈپ ئالدى بىلەن ئامانلىق ساقلاش شۆبە
ئىدارىسىغا، ئاندىن غەربى دەرۋازىدىكى راۋاقتا، ئەڭ ئاخىرى
خۇگسەنزۇيگە يوتكۈلۈپ بارغانلىقىنى بىلىدۇ، شىڭ شىسەي
خۇگسەنزۇينىڭ شەھەرنىڭ غەربى-شىمالىدا چوقچىيىپ تۇرغان
بىر جاي بولۇپ ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش ئاسان، قوغدۇنۇش
قىيىن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ، قۇمۇللۇق زىيالى بەي يۇشيۇ-
نى جىن شۇرېنغا ئېۋەتىپ، ئۇنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىپ بىرلىكتە
ھەركەت پىلانىنى تۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. خۇگسەنزۇيدە تۇر-
غۇنلىغان بۇتخانىلار بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەر-
نى مۇھاپىزەت قىلاتتى. تاققا چىقىپ جىن بىلەن كورۇشمەكچى



بولغانلار شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن
ئوتۇپ، ئاندىن چىقالايتتى. بەي يۇ شيۇ شۇ يەرگە بارغاندا
ئەسكەرلەر ئۇنى قارامىلىق قىلىپ ئېتىپ ئولتۇرۇپ قويىدۇ، شىڭ-
شىسەي ئۇزۇن ساقلاپ، بەينىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىش
ئۈچۈن يەنە چارلاشقا ئادەم ئېۋەتىدۇ ۋە بەينىڭ ئولتۇرۇلگەن-
لىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدا گۇمان پەيدا بولىدۇ. بۇ تە-
رەپتە جىن شۇرېنمۇ شىڭ شىسەينىڭ شۇنچە يېقىندا تۇرۇپمۇ
ئوزى بىلەن كورۇشكىلى كەلمىگەنلىكىنى كورۇپ گۇمان قىلىدۇ.
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، شەھەردىن بىر توپ ۋەكىل كېلىپ شىڭ شىسەينى
شەھەرگە كىرىپ مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شىڭ شىسەي
شەھەرگە كىرىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كاتىۋاشلىرى بىلەن
كورۇشۇپ سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇ-
لار شىڭ شىسەيگە بۇ قېتىمقى ھەركەت جىن شۇرېننىڭ ئەك-
سىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىل-
غان ئىنقىلاۋى ھەركەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ، تولۇق مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن شىڭ شىسەينىڭ ھەمكارلىشىشىنى
تەلەپ قىلىدۇ. جىن شۇرېن قېچىپ كەتكەندىن كېيىنلا شەھەر-
دىكىلەر بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنى ئايى-
رىپ باشقۇرۇش پىلانى تۈزەپ ۋە ئەسلىدىكى شىنجاڭ چېگرا
مۇداپىئە دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ھەربى ئىشلار ھەيئىتى تۈزۈمىگە
ئۆزگەرتىدۇ. كوپچىلىك شەرقى-شىمال ياپونغا قارشى پىدائى
قىسىملارنىڭ باشلىقى گېنېرال جېڭ رۇنچىڭنى ھەربى ھەيئەت
باشلىقلىقىغا، مائارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ
ۋاقىتلىق رەئىسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شىڭ شىسەي ئوزى ئۈچۈن
مۇھىم ئورۇنلارنىڭ قالمىغانلىقىنى كورۇپ، ساراسىمە بولىۋات-

قان پەيتتە، ئۇزىنىڭ قول ئاستىدىكى ياڭ شۇتاڭ، يۈەن ياۋـ
زۇڭدىن ئىبارەت ئىككى پولكوۋنىك شىڭ شىسەيگە باشقىچە
مەسلىھەت كۆرسىتىپ: بىز سىزگە ئەگىشىپ كۆپ جايلاردا بانـ
دىتلارنى يوقۇتۇپ بىر ـ ئىككى يىل چۆل ـ باياۋانلاردا جاپا ـ مۇـ
شەققەتنى تەڭ تارتىپ، سىزنىڭ كوتۇرۇلىشىڭىزگە ئىنتىزار بولـ
دۇق، بىزمۇ سايىڭىزدا كوكلەشنى ئۇمىت قىلدۇق، ئەپسۇسكى سىـ
ياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، شىنجاڭدا ھېچقانداق توھپىسى ۋە
ئەمىلى كۈچى بولمىغان جىڭ رۇنچىڭ ھەربى ئىشلارنىڭ ئەڭ
ئالى ئورنىغا چىقىۋاپتۇ، ئۇ ئەمگەك سىڭدۇرمەيلا مىۋىگە ئىگە
بولىۋالسا بىز بۇنىڭغا چىن كوڭلىمىزدىن قايىل بولالمايمىز. سىز
ياخشىراق ئويلاپ كورۇشىڭىز كېرەك ـ دەيدۇ. ئۇچىغا چىققان قارا
نىيەتلىك شىڭ شىسەي باشقىلارنىڭ ئاستىدا تۇرۇشنى ھەرگىزمۇ
خالىمايتتى. ئۇ جىڭ رۇنچىڭ بىلەن گەرچە شەرقى شىماللىق
يۇرتداش بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق زىچ مۇناسىۋىتى يوق
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇ شىڭ شىسەيدىن يۇقۇرى ئورۇنغا
چىقىۋالغانلىقى چوڭ بىر مەسىلە ئىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ
"باندىتلارنى تازىلاش" باش قوماندانى بولغاندىن بۇيان، شەرقى
يولدىكى قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋە ئۈرۈمچى ئەتراـ
پىدىكى نەنسەن، ئۇلانباي قاتارلىق جايلاردا قوشۇنلارنى باشلاپ
يۈرۈپ "باندىت" لار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى، شۇ جەريانـ
دا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئەمدىلىكتە ھەربى ئىشلارنىڭ
باش قوماندانلىق مەنسىۋىنى شىنجاڭدا ھېچقانداق توھپىسى بولـ
مىغان كىشىلەرگە بىراقلا تاتقۇزۇپ قويۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى
ئويلاپ، كوڭلىدە قايىل بولمايدۇ، بۇنداق بولۇشىغا باشقا ھەربىـ
لەرمۇ ماقۇل كەلمەيدۇ. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ دۇبەنلىك تۈزۈمىنى



ئۆزگەرتمەسلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ ئەـ
مىلى كۈچىنى ياڭ، يۈەن قاتارلىق ئىككى تۈەنجاڭ ئىگەللەپ
تۇرىۋاتقاچقا ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ قۇدرەتلىك ئارقا تىرىگى
بولالايتتى، شۇڭا باشقىدىن يىغىن ئېچىپ قارار قىلىشنى تەشەببۇس
قىلىپ، ئولكىلىك پىرقە قوروسىنى يىغىن ئاچىدىغان جاي قىلىپ
تاللايدۇ. ياڭ، يۈەن قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن ئوگزىدگە پىلىموت
قاتارلىق قوراللارنى ئورنۇتۇپ، يىغىن مەيدانىنى كۆزەتسە، يەنە
بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنى يىغىپ قورو ئىچىدە
يىغىن ئاچىدۇ. مۇزاكىرىنىڭ نەتىجىسى، يەنىلا دۇبەنلىك تۈزۈـ
مىنى ساقلاپ قېلىش بولىدۇ ھەمدە شىڭ شىسەينى ۋاقىتلىق
دۇبەنلىككە، ليۇ ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق رەئىسلىككە باشقىدىن سايلايدۇ،
شۇنىڭ بىلەن خۇڭسەنزۇينى زەمبىرەك بىلەن ئوققا تۇتۇپ، جىن
شۇرېننى غەرب تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇرلايدۇ.

جىن شۇرېن ماناسقا يەتكەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈـ
رۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىدىن ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭ
قاچماسلىقىنى، ئەگەر قايتارما ھۇجۇم قىلمەن دىسە، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ توسىدۇ. جىن:
"سىرتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش قاملاشمىغان ئىش" دەپ ماـ
قۇل كورمەيدۇ. چوچەككە يېتىپ بارغاندا مەركەزگە خىزمىتىدىن
ئىستىپا سوراپ تېلېگىرامما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق
ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىدۇ. جىن شۇرېن ئۆز قىسىملىرىنى غۇلجىـ
دىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى جاڭ پېيىيۈەنگە ئۆتكۈـ
زۈپ بېرىدۇ.

يۇقۇرىدىكى ئىشلار شۇ ۋاقىتتا ئەمىلى بولۇپ ئۆتكەن. مەن
بۇنى شۇ ۋەقەدىن كېيىن بىلگەن ئىدىم. لېكىن بەك تەپسىلى
ئەمەس ئىدى. ھازىر كونا دوستۇم جاۋ شۇيەن (72 ياش، لىڭـ

شىيالىق ) بىلەن يۈزمۇ-يۈز سۆزلەشتىم. بۇ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. جاۋشۇيەن جىن شۇرېننىڭ مەھرەملىرىدىن بولۇپ، ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىنىپ ئۇلانبايغا بېرىپ شىڭ شىسەيگە خەت يەتكۈزۈپ بەرگەن، كېيىن يەنە جىن شۇرېنغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە قايتقان. جىن شۇرېن لەنجۇدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى بىر قەدەر ئىشەنچىلىك. بىراق ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولمىغاچقا، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن تاشقىرى ئارتۇقچە بىر نەرسە بىلمەسلىكى مۇمكىن.



# شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردىكى ئاشلىق سىياسىتى

ئاۋياك ۋىنلىن

مەن 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا كېلىپ گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئاشلىق خىزمىتىگە قاتناشتىم. 1945-يىلى ئەتىيازدا ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتاۋى ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسىدا ئاشلىق توشۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم ۋە جايلاردىكى ھەربىي پونكىتلارنى باشقۇردۇم. 1945-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى قۇرۇلغاندا مەن بۇ باشقارمىنىڭ سېتىۋېلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلدىم. 1946-يىلى ساقلاش-توشۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆتۈرۈلدۈم. شۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئاشلىق ئورگانلىرىدا ئىشلەپ كەلدىم. ھازىر ئۆز كۆچۈرمىشلىرىمنى ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمنى يىغىنچاقلاپ، بۇ ماتېرىيالنى يازدىم. لېكىن سەۋىيەم چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، بەزى كونكرېت ئەھۋاللار، بولۇپمۇ سانلىق مەلۇماتلار ئېسىمدىن كۆتۈ-

رىلىپ قاپتۇ، شۇڭا بەزى جايلار چۈشۈپ قالغان ۋە خاتا بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، يولداشلارنىڭ بۇ ھەقتە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

## 1. شىنجاڭنىڭ دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

ئاشلىق جەھەتتە: شىمالى شىنجاڭدا غۇلجا، چۆچەك، شىخو، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمىسار، گۇچۇڭ، مورى، قۇمۇل قاتارلىق ناھىيىلەر گۈرۈچ ۋە بۇغداي رايونى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان، فۇكاڭ، جىمىسار قاتارلىق ناھىيىلەردە ئاق قوناق، تېرىق قاتارلىقلار بەك ئوخشايدۇ. مىچۈەن گۈرۈچى سان، سۈپەت جەھەتتە ئۆلكە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. جەنۇبى شىنجاڭدا كوممە قوناق، ئاندىن قالسا بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىنمۇ گۈرۈچ چىقىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كونا ئۇسۇللار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە سىرتنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىنى ئەكىلىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مەھسۇلات ئاشۇرۇش دىگەندىن ئېغىز ئېچىش قىيىن ئىدى. شىنجاڭدا پۇرچاق ئاز بولۇپ، ئادەتتە مال-چارۋىلارغا يەم-خەشەك ئورنىدا بېرىلەتتى.

1944-يىلىدىن بۇرۇن ئۆلكىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 6 مىليون 500 مىڭ دادەن (بىر دادەن 450 جىڭ، بۇ سان ئەسلىگەن سانىم بولۇپ، تازا ئىشەنچىلىك ئەمەس) پۈتۈن ئۆلكىدىكى 4 مىليون ھەر مىللەت خەلقى شۇنىڭ بىلەن تەمىنلىنەتتى.

گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى



غەلىبە قازانغانلىقتىن گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەتتىن، بولۇپمۇ ئاشلىق كانى غۇلجىدىن ئايرىلىپ قالدى، لېكىن شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ھەربى، مەمۇرى خادىملىرى شىنجاڭغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىغانلىقتىن، شىمالى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىدە ئاشلىق يېتىشمەسلىك پەيدا بولدى.

قوشۇمچە مەھسۇلاتلار: شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە سۇ ۋە ئوتلاقلىرى مول ئەڭ چوڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاساسلىق چارۋىلىرى كالا، ئات، قوي بولۇپ، بۇلارنى ئادەتتە پۇخرالار باشقۇراتتى. ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى چوڭراق چارۋا مەيدانلىرى يوق دىيەرلىك بولۇپ، ئوتلاقلارنىڭ بارىنى چوڭ-كىچىك چارۋىدارلار ئىگەللىۋالغان ئىدى. چوشقا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى سېتىش قاتارلىقلارنىڭ بارلىغىنى پۇخرالار قىلاتتى. ئادەتتە، كەڭ-كولەملىك بېقىش ئىشلىرى بولمايتتى. دېخانلار بۇنىڭ بىلەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىلا شۇغۇللىناتتى. شىنجاڭنىڭ ئالما، تاۋۇز، قوغۇن، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئەنجۈر قاتارلىق مىۋىلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ھەممە يەردىن دىگىدەك چىقاتتى. ئۈزۈم قەدىمدىن تارتىپلا مول بولۇپ، تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى جۇڭگو ۋە چەتئەلگە داڭلىق ئىدى. قوغۇنمۇ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولۇپ قۇمۇل، پىچان قوغۇنلىرى مەملىكەت بويىچە داڭلىق ئىدى. دېخانلار مىۋە-چىۋىلەرنى ھول پىتىچە يىگەندىن تاشقىرى يەنە قۇرۇتۇپ ئىستىمال قىلاتتى. مەسىلەن: قوغۇن قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم، شاپتۇل قېقى قىلىپ، قوشۇمچە مەھسۇلات قاتارىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىلىق ئىدى. ھاراق ئىشلەپچىقىرىشمۇ خېلى را-

ۋاجلانغان بولۇپ، تۇرپاننىڭ داڭلىق قىزىل ئۈزۈم هارىغى خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا كوپلىگەن شائىرلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. گۇچۇڭنىڭ ئاق هارىغىمۇ ئۇلكە بويىچە داڭلىق ئىدى. شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قوشۇمچە ئوزۇقلىغى ئاساسەن، كالا، قوي گوشلىرى بولۇپ، خەنزۇ خەلقىمۇ شۇلارنى قوشۇمچە ئوزۇقلۇق قىلاتتى، تېرە-يۇڭلارمۇ ئىچكى ئولكىلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلاتتى. ئولكىنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى، مەسىلەن، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قوي قوشلىرىنى بېقىش ۋە تىرىك چوشقا قاتارلىقلار بولسۇن، پۇخرالار بۇلار بىلەن سىتىخىيىلىك شۇغۇللىناتتى. گومىنداڭ هوكۇمىتى ئۇنىڭغا پىلانلىق مەبلەغ قوشمىغاچقا، يېتەكلىمىگەچكە ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۇرمىگەچكە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىغى يۇقۇرى ئەمەس ئىدى.

## 2. گومىنداڭ هوكۇمىتىنىڭ ئاشلىق سىياسىتى

گومىنداڭ هوكۇمىتىنىڭ ئاشلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپاراتلىرى:

1. ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى: 1945-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭدا ئارقا سەپ ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلدى (قىسقارتىلىپ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ، مەركىزىي ئاشلىق مىنىستىرلىگى قارمىغىدىكى ئورگان ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە بارلىق خىزمەتلەرگە غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ ئولكىلىك هوكۇمەت قوش رەھبەرلىك قىلاتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار، يۇقارقى هەربىي ۋە مەمۇرى ئورگانلارنىڭ بىۋاستە كونتروللىغىدا



بولۇپ، ئادەتتە بۇنىڭغا ئاشلىق مىنىستىرلىگىنىڭ كۈچى يەتمەيتتى، ئەنگە ئېلىشقا ئوخشاش ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىلا قىلاتتى.

بۇ باشقارما گومىنداڭ مەركىزىي هوكۇمىتى ئېلان قىلغان يەر بېجى نىزامىغا ئاساسەن، دىخانلاردىن يەر بېجى ئېلىش، يەر خېتى تارقىتىش ۋە يەرلەرنى ئەنگە ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى. دىخانلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىغىنى سېتىۋېلىش، ئاشلىق ئاخباراتلىرىنى توپلاش، شىنجاڭدىكى هەربىي، مەمۇرى خادىملارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتى. بۇنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

بۇ باشقارمىدا بىر نەپەر باشقارما باشلىغى، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىغى بولۇپ، تۆۋەندە بولۇم، 3 ئىشخانا تەسىس قىلىنغان ئىدى.

(1) 1-بولۇم: خوجۇلۇق بولۇمى: بۇ بولۇمدە بىر نەپەر بولۇم باشلىغى ۋە بىر قانچە مۇدىر كاتىپ ۋە كاتىپلار بولاتتى. باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلارنىڭ بۇيرىغى بويىچە، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى ۋە قالدۇراتتى، يوقلىما قىلاتتى، ئالاقە، ئارخىپ، هوججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ تارقىتاتتى هەم كاسسىرلىق قىلىش بىلەن پۈتۈن باشقارمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەيتتى.

(2) 2-بولۇم بىلەن 3-بولۇم: ئەسلىدە ئايرىم قۇرۇلۇپ باقمىغان بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساسى كەسپى بولۇم بولۇپ، بۇ ئىككى بولۇمدە بىر نەپەر بولۇم باشلىغى، مۇدىر كاتىپ ۋە كاتىپلار بولاتتى. بۇ بولۇم باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلارنىڭ بۇيرىغى بويىچە، يەر بېجى يىغاتتى. يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، يەر خېتى باشقۇراتتى. يەر بېجى هىسا-

ۋاتى تۇرغۇزاتتى، يىللىق غەللە ـ پاراق ۋە ھەربى، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە دائىر ئاشلىق يوتكەش پىلانى تۈزۈيتتى. ناھىيىلىك ھوكۇمەت ۋە باج ئىدارىلىرىنىڭ يىغىۋالغان غەللە ـ پاراق ئاشلىغىنى ئامبارغا كىرگۈزۈش، ساقلاش ۋە چىقىم قىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ يەر خەت تارقىتىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

(3) 4 ـ بولۇم: بۇ بولۇمدە بىر نەپەر بولۇم باشلىغى، مۇدىر كاتىپ ۋە بىر قانچە كاتىپلار بولۇپ، ئۇلار باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىنىڭ بۇيرىغى بويىچە، ئاشلىق يوتكەش مەزگىلىدىكى ترانسپورت كەسپىنى بېجىرەتتى، يىللىق ترانسپورت پىلانى تۈزۈپ، ترانسپورت ھىساۋاتى تۇرغۇزاتتى ھەمدە توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ ترانسپورت ئىشلىرىغىمۇ يېتەكچىلىك قىلاتتى.

(4) 5 ـ بولۇم: سېتىۋېلىش بولۇمى. بۇ، بولۇمنىڭ بىر نەپەر بولۇم باشلىغى، مۇدىر كاتىپ ۋە بىر قانچە كاتىپلىرى بولۇپ، ئۇلار باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىنىڭ بۇيرىغى بويىچە، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى (بۇ مەجبۇرى خاراكتېرلىق بولۇپ، يەر بېجىغا ئاساسەن سېتىۋالاتتى) ۋە سېتىۋالغان ئاشلىقنىڭ باھاسى بويىچە پۇل تارقىتاتتى. ئاشلىق بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ ئاخبارات توپلاپ، يىللىق سېتىۋېلىش پىلانى تۈزۈپ، يۇقارقى خىزمەتلەرگە مۇناسىپ ھىساۋاتلارنى ۋە ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەرگە مۇناسىپ ھىساۋاتلارنى تۇرغۇزاتتى. ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر ۋە باج ئىشلار ئىدارىلىرىنىڭ سېتىۋالغان ئاشلىقلىرىنى ئامبارغا كىرگۈزۈپ چىقىم قىلىش، تارقىتىش ۋە ساقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى



ھەمدە ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇلنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋاللىرىغا نازارەت قىلاتتى.

(5) كاتىۋات ئىشخانىسى: بۇ ئىشخانىدا، بىر نەپەر مۇدىر كاتىپ ۋە ئىككى نەپەر كاتىپ بولۇپ، باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىنىڭ بۇيرىغى بويىچە، ئالاقە ئايرىش، ئارخىپقا ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى، دوكلاتلارنى كوزدىن كوچۈرۈپ، يىللىق ئاشلىق تەمىنلەش پىلانلىرىنى خۇلاسىلايتتى ھەمدە پۈتۈن باشقارمىنىڭ كەسپى يىغىنلىرىنى چاقىراتتى. (بۇ يىغىنغا باشقارما باشلىغى رىياسەتچىلىك قىلاتتى ۋە ھەر قايسى بولۇم، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتنىشاتتى. يىغىندا غەربى شىمال مەمۇرى مەھكىمىسى بىلەن ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ تاپشۇرغان ئاشلىق تەمىنلەش پىلانىغا ئاساسەن، پۈتۈن يىللىق غەللە ـ پاراق يىغىش ھەمدە سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى ئىشلەش، ھەربى ۋە مەمۇرى ئورۇنلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتى قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ، ھەر قايسى بولۇم، ئىشخانىلارنىڭ يىللىق پىلان تۈزۈشى ھاۋالە قىلىناتتى)؛ ئايدا ئېچىلىدىغان كەسپى يىغىندىن باشقا، باشقارما باشلىغىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە ۋاقىتلىق ئېچىلىدىغان يىغىنلارنىمۇ چاقىراتتى.

(6) بوغالتىر ئىشخانىسى: بۇ ئىشخانىنىڭ بىر نەپەر مۇدىرى ۋە بىر قانچە ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار باشقارما باشلىغى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىنىڭ بۇيرىغى بويىچە، ئاشلىق ۋە مالىيە ئىشلىرىنى دەپتەرگە ئولتۇرغۇزۇش، سېتىۋالغان ئاشلىقنىڭ پۇلىنى تارقىتىش، ناھىيىلەردە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق ۋە ئاشلىق سېتىۋالغان پۇلنىڭ كىرىم ـ چىقىمى قاتارلىق ھىساۋاتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتەتتى.

(7) مۇپەتتىشلەر ئىشخانىسى: بۇ ئىشخانىدا بىر نەپەر ئىشخانا مۇدىرى ۋە بىر قانچە مۇپەتتىش بولۇپ، ئۇلار باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ غەللە-پاراق ئاشلىقى بىلەن سېتىۋالغان ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشكە مەخسۇس مەسئۇل ئىدى ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.

بۇ باشقارمىنىڭ شىتاتىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى مۇقىم بېكىتكەن. لېكىن ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، يەنى جىددىي مەزگىللەردە ۋاقىتلىق ئادەم يالالاپ، مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە قوياتتى. ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى نازارەت ۋە باشقارمىلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولۇپ، بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرى گېنېرال دەرىجىلىك، ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ باشلىقى، مۇدىرلىرى پولكوۋنىك دەرىجىلىك، بۆلۈم مۇدىرى ۋە بۆلۈم ئەزالىرى كاپىتان دەرىجىلىك بولاتتى. بۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى تەيىنلەيتتى.

بۇ باشقارما 1945-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازىرى لۇ يۈۋېن قوشۇمچە باشلىق بولغان ئىدى.

2. ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى:

بۇ باشقارما ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پىلانى ۋە شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجى پرىنسىپى، شۇنداقلا ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ تەمىنلەش پىلانىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، توپلانغان ئاشلىقلارنى توشۇش، يوتكەش ۋە زاپاس ساقلاش خىزمەتلىرىنى بېجىرەتتى. ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا شۆبە باشقارما ۋە تەمىنلەش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ باشقارمىنىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

بۇ باشقارمىدا، بىر نەپەر باشقارما باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭغا قاراشلىق 3 بۆلۈم، 2 ئىشخانا بار ئىدى. بۇ باشقارما شىڭ شىسەي دەۋرىدىن قالغان ئاشلىق توشۇشنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

(1) 1-بۆلۈم: خوجىلىق بۆلۈمى بولۇپ، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، كاسسىرلىق، ئالاقە، ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى ھەمدە پۈتۈن باشقارمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەيتتى.

(2) 2-بۆلۈم: ساقلاش بۆلۈمى بولۇپ، ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ساقلاش پىلانلىرىنى تۈزەيتتى، ئۆزىگە قاراشلىق ئامبارلارنىڭ ئاشلىقىنى يوتكەش، زاپاس ساقلاش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىپ تارقىتىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى ھەم ھېساۋات تۇرغۇزۇپ، ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

(3) 3-بۆلۈم: ترانسپورت بۆلۈمى بولۇپ، يىللىق ئاشلىقنى توپلاش، توشۇش پىلانىنى تۈزەيتتى، ھەر قايسى پونكىتلارنىڭ توشۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، ترانسپورت ھېساۋاتى تۇرغۇزۇپ، ئاشلىق توشۇشنى كۆزەتكۈچى خادىملارنى تەيىنلەيتتى ھەمدە توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ توشۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى.

(4) كاتىۋات ئىشخانىسى: بۇ ئىشخانىدا بىر نەپەر كاتىپ بولۇپ، ئالاقىلارنى ئارخىپقا سېلىش، دوكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى ۋە ھەر ئايدا ئېچىلىدىغان كەسپى يىغىننى چاقىراتتى. يىللىق ساقلاش، توشۇش ۋە يوتكەش پىلانلىرىنى تۈزەيتتى ھەمدە باشقارما باشلىقى تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى بېجىرەتتى.

(5) بوغالتىر ئىشخانىسى: بۇ ئىشخانىدا بىر نەپەر ئىشخانا مۇدىرى ۋە بىر قانچە ئىشخانا ئەزاسى بولۇپ، ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇشقا دائىر مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى تۈرگۈزەتتى ھەمدە توشۇش خىراجىتى ۋە ھەر قايسى ئاشلىق تەمىنلەش پونكىتلىرىنىڭ خىراجىتىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىش، ھىساۋاتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيتتى. بۇلاردىن باشقا ئاقسۇ شۇبە باشقارما، قارا شەھەر پونكىتى، بۈگۈر ـ كۇچار قاتناش پونكىتى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بار ئىدى.

3 . باج ئىشلار ئىدارىسى: ھەر قايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلغان باج ئىشلار ئىدارىسى بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ قارمىقىدىكى ئورگانلار ئىدى. ئادەمنى ئاز ئىشلىتىپ، چىقىمنى تېجەپ قىلىش مەقسىتىدە ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ئايرىم ئورگان قۇرماستىن ئەسلىدىكى باج ئىدارىسى ئارقىلىق ئىش باشقۇراتتى. بۇ ئىدارىلار ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، يەر بېجى ۋە سېتىۋېلىشتىن كەلگەن ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش، ساقلاش ۋە چىقىم قىلىپ يوتكەش قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىرەتتى، بۇ خىزمەتكە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ياردەملىشەتتى. باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ كادىر ۋە خىراجەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مالىيە نازارىـ



تى باشقۇراتتى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى بۇنىڭغا ئارىلاشمايتتى.

## 3. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ دىخانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى

1. غەللە ـ پاراق:

(1) ئاشلىق سېلىقى: 1945 ـ يىلى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى بىر قېتىم قايتىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭدا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى ئېنىقلاش، غەللە ـ پاراق كىرىمىنى ئەمەللەشتۈرۈش، ئاشلىق مىننىستىرلىگى بەلگىلىگەن يەر بېجى نىزامنامىسىغا ئاساسەن مو بېشى بويىچە غەللە ـ پاراق ئاشلىقىنى يىغىۋېلىش مەخسەت قىلىنغان ئىدى (ئاساسەن بۇغداي بىلەن گۈرۈچ يىغىۋېلىناتتى). شۇ قېتىم ئېنىقلاپ چىققان كونكىرىت مو سانى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئېنىقلاشتىن كېيىن يەر خېتى ئالماشتۇرۇلدى. بۇ خىزمەتنى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئارقىلىق ئىشلەپ باردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بيۇروكراتلىق خىزمەت ئىستىلى تۈپەيلىدىن قايتىدىن ئېنىقلاش خىزمىتىنى تەل ـ تۆكۈس ئىشلەپ بېرىش قىيىن ئىدى، پومىشچىكلارنىڭ ئىگەللىۋالغان يەرلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشتەك ئۇسۇللار بىلەن يەرلەرنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمايتتى ياكى ئاز مەلۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىنام يەرلەرگە يەر خېتى ئالـ

مايتتى. (بىنام يەرلەر يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى بار يىللىرى تېرىلاتتى، بولمىسا تېرىلمايتتى، شۇڭا پومىششىكلار بۇنداق يەرلەرگە يەر خېتى ئالمايتتى). جەنۇبى شىنجاڭنىڭ يىراغراق رايونلىرىدا قايتىدىن ئېنىقلاش پۈتۈنلەي ئېلىپ بېرىلماي بۇرۇنقى تېرىلغۇ يەر كولىمىلا مەلۇم قىلىنغان ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئېنىقلاش خىزمىتى داۋامىدا ئىگەللەنگەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مو سانى ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. ئېنىقلاشتىن كېيىنكى تېرىلغۇ يەر- لەردىن مو بېشى بويىچە ئېلىنىدىغان پاراققا ئاساسلانغاندا ھەر يىلى تەخمىنەن 250 مىڭ دادەن ئاشلىق يىغىۋېلىشى كېرەك ئىدى. (غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ھەم جەنۇبى شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغان يەر باجلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). لېكىن نەق يىغىۋېلىنغان ئاشلىق 200 مىڭ دادەنگە يەتمەيتتى. شىمالى شىنجاڭ رايو- نىدىن ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن ھەربى، مەمۇرى ئورۇنلارنى تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن چىققىلى بولمايتتى.

(2) پۇلغا سۇندۇرۇش: ھەربى، مەمۇرى ئاشلىق تەمىناتى شىمالى شىنجاڭدا ئومۇمى يۈزلۈك ئېغىر بولۇشتەك ئالاھىدى- لىككە ئىگە ئىدى. خوتەن، يەكەن ۋە قەشقەرلەرنىڭ بەزى ناھىيە - رايونلىرىدا غەللە - پاراق ئاشلىغى كۆپ، تەمىنلەش جىددى بولماسلىقتەك كونكرېت ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن: سېلىق ھېساۋىدا توپلانغان ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنى شىمالغا يۆتكەشكە قۇدرىتى يەتمەيتتى، شۇڭا ئامباردا قالغان ئاشلىقنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئاشلىغىنىڭ بىر قىسمىغا شۇ ئورۇننىڭ ئاشلىق بازىرىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى بويىچە پۇل يىغىۋېلىش بەلگىلەنگەن



ئىدى. ئەمما بۇ رايونلارنىڭ ئاشلىغى مولراق بولۇپ، بازىرى كاسات ئىدى، دىخانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشلىق سېتىۋېلىپ يەر سېلىغى تاپشۇرسا مەجبۇرىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلايتتى.

(3) غەللە - پاراققا قاراپ سېتىۋېلىش: ئىلى شىمالى شىن- جاڭنىڭ ئاشلىق كانى ئىدى، تارباغاتايدىنمۇ بۇغداي كۆپ چىقاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغانلىقتىن گومىن- داڭ ھوكۇمىتى ئۈچ ۋىلايەتتىن كېلىدىغان مول ئاشلىق مەن- بەسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شىنجاڭغا ھەدەپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ ھەربى، مەمۇرى خادىملىرىنىڭ تولىسى شىمالى شىنجاڭغا يىغىلغانلىقتىن غەللە - پاراقتىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق ئەملى تەمىنلەش ئېھتىياجىنى زادى قامدىيالمايتتى. شۇڭا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، كەمىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يۇقارقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن شىمالى شىن- جاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە غەللە - پاراق بىلەن بىللە ئاشلىق سېتىۋېلىش تەدبىرى تەڭ قوللىنىلدى. ھەر قايسى ناھى- يىلەر غەللە - پاراقنىڭ ئاز - كۆپلىگىگە ئاساسەن، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنى ئائىلىگە چاچاتتى. بۇنىڭ بىلەن دىخانلارنىڭ قولىدىكى ئېشىنچە ئاشلىق پۈتۈنلەي يىغىۋېلىناتتى. بۇ مەجبۇرى خاراك- تېرلىك بولۇپ، ئېشىنچە ئاشلىغى يوق دىخانلار نورما ئاشلى- غىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى، ھەتتا بۇ سېلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئاشلىق سېتىۋالاتتى. بۇنىڭدىن مەخسەت شىمالى شىنجاڭدىكى ھەربى، مەمۇرى ئاشلىق تەمىنا- تىدىكى جىددىيەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئىدى. بۇنداق كولنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئاقىۋىتى دىخانلارنىڭ ۋەي- ران بولۇشىنى تېزلىتەتتى. غەللە - پاراققا قاراپ ئاشلىق سېتىۋې-

لىشتا، پومىششىكلارنىڭ تاپشۇرىدىغان غەللە-پارىغى ۋە سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقى كوپ ئىدى. بۇ، كورۇنۇشتە پومىششىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىسىزدەك كورۇنسىمۇ، ئەمىلىيەتتە پومىششىكلارنىڭ يەرلىرى باشقىلارنىڭ نامىدا بولغاچقا، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلار يەنىلا پومىششىكلارنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان ئورتاقچى دىخانلار ئىدى.

ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى دىخانلارنى ئاشلىق سېتىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن نەق پۇل بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. دىخانلار ئومىغا چۈشۈشتىن ئاۋال شۇ چاغدىكى بازار نەرقى بويىچە، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقتا بېرىلىدىغان پۇلنىڭ يۈزدە 50% ياكى 70% ى ئالدىن بېرىلەتتى، قالغىنى ئاشلىق تاپشۇرۇلغاندا ئاز-كوپلىكىگە ئاساسەن تولۇقلاپ بېرىلەتتى. تولۇقلاپ بېرىلىدىغان پۇل، پۇل تولۇقلاپ بېرىلگەن چاغدىكى بازار نەرقى بويىچە ھىساپلىناتتى. بۇ، ئاشلىقنى كوپ سېتىپ بېرىدىغان پومىششىكلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى، يەنى پومىششىكلارنىڭ سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقىمۇ، ئالىدىغان پۇلىمۇ كوپ بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئالدىن ئالغان ۋە كېيىن تولۇقلاپ ئالغان پۇللىرى بىلەن بازاردا ھايانكەشلىك قىلىپ بىرمۇنچە پايدا تاپاتتى. ئادەتتىكى دىخانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پۇلى ئاز بولغانلىقتىن بۇ پۇلنى بازار خەجىسى قىلىپ تۈگۈتەتتى، شۇنىڭدەك مال باھاسى ئۇچقاندەك ئورلەپ، پۇل تازا پاخاللىشىۋاتقان بولغاچقا دىخانلار تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرايتتى. بەزەنلىرى ئاشلىقنى ھوكۈمەتكە سېتىپ بەرگەندىن كېيىن ئوزلىرىگە قالمايتتى، شۇڭا پومىششىكلاردىن سېتىۋالاتتى ۋە قەرز ئېلىپ تۇرمۇشىنى



قامدايتتى، شۇنىڭ بىلەن پومىششىكلارنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، دىخانلار مۇشۇنداق قوش زۇلۇمغا قارشى چىقىشقا مەجبۇر ئىدى. 1947-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دىخانلارنىڭ غەللە-پاراق ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇردى. بۇ ھەركەت دەل يۇقارقى ئارقا كورۇنۇش ئاساسىدا پەيدا بولغان (بۇ توغرىدا مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئېنىق بايان بېرىلدى).

## 4 . ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىش تەدبىرى

1 . جەنۇپنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يوتكەش:

شۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتتىكى 16 ناھىيە گومىنداڭنىڭ ھەربى، مەمۇرى خادىملىرى كوپ توپلانغان رايون بولۇپ، بۇ جايلاردىن ئېلىنغان غەللە-پاراق، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق تەمىنلەشكە يەتمەيتتى، شۇڭا ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئاشلىقىنى ئۈرۈمچىگە يوتكەپ، ئاندىن باشقا ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش پىلان قىلىندى. بۇ خىزمەتنى ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ باشقارمىغا قاراشلىق بۇگۇر، كۇچار قاتناش بېكەتلىرى ۋە قارا شەھەردىكى ئاشلىق پونكىتى توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى ئۈچتۇرپان، ئاۋات، ئاقسۇ كونىشەھەر، توقسۇ، باي، كۇچار، شايار، كورلا قاتارلىق ئورۇنلاردىن قاراشەھەرگىچە بولغان 12 ناھىيىنىڭ ئاشلىقى يۇقارقى ئۈچ

ئۇرۇنغا توپلىناتتى، ئاندىن ئارقا سەپ بىرلەشمە قوماندانلىق شتاۋىنىڭ شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ترانسپورت باشقارمىسى شىمالى شىنجاڭغا توشۇيتتى. ئۇرۇمچىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە كېرەكلىك ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى تەمىنلەش كوپېراتىۋى ئۈستىگە ئېلىپ توشۇيتتى. ئاشلىق تەمىناتىنى كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى تەخمىنەن 50 مىڭ دادەن ئاشلىق توشۇلاتتى. ساقلاش ـ توشۇش باشقارمىسى توشۇشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاشلىق مىنىستىرلىگىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان توپلاپ توشۇش پىلانى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ يوتكەش، تەمىنلەش پىلانى بويىچە ئاشلىق توشۇشقا كېتىدىغان چىقىمنى قارا شەھەر، ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىلىرىگە ياكى بىۋاستە توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان ناھىيىلەرگە ئاجرىتىپ بېرەتتى. ئۇلار پۇخرالارنىڭ هارۋىسى، ئات، ئېشەك، توگە قاتارلىق قاتناش كۈچلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەلگىلەنگەن پونكىتلارغا توشۇپ بېرەتتى. هايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىپ شىمالى شىنجاڭغا ئاشلىق يوتكەشتىن ئىبارەت بۇ تەدبىرنى بۇرۇن شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يولغا قويغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مالىيە نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە قۇرغان بانكا ئاشلىق پونكىتى مەخسۇس شۇ ئىشنىلا بېجىرەتتى، بانكا ئاشلىق پونكىتى جەنۇپتىن توشۇلغان ئاشلىقنى ئۈرۈمچى ياكى باشقا ناھىيىلەردىكى ترانسپورت سودىگەرلىرىگە كوتىرە بېرەتتى. ئەمما تولىسىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە دىخانلارنىڭ ترانسپورت كۈچلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش يولى بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. بۇنداق قاتتىق قوللۇق سىياسەت خەلققە چەكسىز بالايى ـ ئاپەت



كەلتۈرگەن ئىدى، شۇ ۋاقىتتا توشۇش ھەققىنىڭ 60% تى ئالدىن بېرىلەتتى. يول ناھايىتى ئۇزاق بولغاچقا، دىخانلارنىڭ قوساق ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ يەم ـ بوغۇزىغا خەجلەيدىغان پۇلى ئالدىن ئالغان پۇلدىن ئېشىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرى يولدا ئولۇپ كېتەتتى. نەتىجىدە دىخانلار يۇرت ـ ماكانىغا قايتقىچە پۇلدىن بەك قىستىلاتتى، بەزىلىرى ئاشلىقنى سېتىۋېتىپ باشقا جايلارغا قېچىپ كېتەتتى. توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى كىرا ھەققىنى ئېلىۋېلىپ ئاشلىقنى سېتىۋېتىپ ھايانكەشلىك قىلاتتى. شۇڭا ھۆكۈمەت بۇ ئىشتا 20 دادەن ئاشلىق زىيان تارتقان ئىدى. 1945 ـ يىلى ساقلاش ـ توشۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى ۋە بۇنى ئىنقىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1947 ـ يىلى ئىنقىلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، جەنۇبى شىنجاڭ دىخانلىرىنىڭ ئاشلىق ساقلىۋېلىش ھەركىتى ئەۋج ئالغان ئىدى.

2. شەرقىنىڭ ئاشلىغىنى غەرپكە يوتكەش: 1946 ـ يىلى شىنجاڭدا تەبىئى ئاپەت يۈز بېرىپ مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، چىڭخەيدىكى ئاتلىق 5 ـ كورپۇس شىنجاڭغا كەلگەنلىكتىن شىمالى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تەمىناتىدا جىددىيلىك كورۇلدى. ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى شىمالى شىنجاڭدا بار كۈچى بىلەن ئاشلىق يىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جىددىيلىكنى ھەل قىلالمىدى. شۇڭا گەنسۇدىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ شىنجاڭغا يوتكەش تەكلىپ قىلىندى. جاڭ جىجوڭ بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى ھەم غەربى شىمال 5 ئولكە مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىق سۇپىتى بىلەن گەنسۇ ئولكىلىك ھۆكۈمىتىگە 30 نەچچە مىڭ دادەن ئاشلىق سېتىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق

بەردى، (بۇ ئاشلىق شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە 20 مىڭ دادەنگە توغرا كېلىدۇ). بۇ ۋەزىپىنى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى بىلەن ساقلاش ـ توشۇش باشقارمىسى تاپشۇرىۋالدى، توشۇش ـ سېتىۋېلىش ۋە ترانسپورت چىقىملىرىنى شىنجاڭ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شەرقتىن غەرپكە ئاشلىق يۆتكەش دېگىنىمىزنىڭ جەريانى ئەنە شۇ.

3. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سۇ يولىنى ئېچىش: جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەشتە ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ چەكلىمىسى ۋە توشۇش چىقىمىنىڭ كۆپ بولۇشتەك بېسىمىنى ھەل قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەچكە، توشۇيدىغان نەرسىنى سۇ يولى ئارقىلىق توشۇپ چىقىمنى ئازايتىش تەكلىپ قىلىندى. تارىم دەرياسىنى لوپنۇر ئارقىلىق كونچى دەرياسىغا تۇتاشتۇرۇش يولى بىلەن كورلىغا كېلىش، ئاندىن قۇرۇقلۇقتىن ماشىنىلار بىلەن توشۇش پىلانلاندى. 1948 ـ يىلى غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى. ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى نەق مەيدانغا بېرىپ يولنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى، تارىم دەرياسىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كونچى دەرياسىغا تۇتاشتۇرۇشقا كېتىدىغان ئادەم ھەم مالىيە كۈچىنىڭ پىلانىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، پەقەت ماشىنا ماتورى بىلەن قوزغىلىدىغان ئىككى ماتورلۇق كېمىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقتى. بىر ماتورلۇق كېمىگە 10 دىن 15 گىچە ئاشلىق بېسىلغان كېمىنى سۆرۈتۈپ مېڭىش پىلانلانغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقارما 1948 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ئورگانلارنىڭ



مەسئۇللىرىنى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سىناق مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت بايا دېگىنىمىزدەك بۇ ماتورلۇق كېمىنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆرۈش ۋە شۇ يول بىلەن سۇ يولى قاتنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننى نامايان قىلىش ئىدى. لېكىن سۇ قۇرۇلۇشى باشلانمىدى. 1949 ـ يىلى بۇ ماتورلۇق كېمە ماشىنا بىلەن قارا شەھەرگە ئېلىپ بېرىلدى، لېكىن شۇ چاغدا تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ۋەزىيىتى پىشىپ قالغاچقا بۇ پىلان بىر ياققا تاشلىنىپ قالدى. بىر مەھەل غەۋغا قىلىنغان سۇ يولى قاتنىشىنى سىناق قىلىش ھەققىدىكى ئۇرۇنۇشلار خۇددى شامالدا تارقىلىپ كەتكەن تۇتۇندەك غايىپ بولدى.

## 5. ھەربىي، مەمۇرى ھەم پۇقرالارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

1. ھەربىي ئاشلىق:

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئارقا سەپ بىرلەشمە قوماندانلىق شىتابى شىنجاڭدىكى ھەربىي ئاشلىقنىڭ تەمىنلىنىش ئەھۋالىغا دائىر پىلاننى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە ھەر يىلى يوللاپ تۇراتتى. ئاشلىق مىنىستىرلىكى بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ شىنجاڭدىكى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرەتتى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ئارقا سەپ بىرلەشمە قوماندانلىق شىتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى بىلەن كېڭىشىپ، يىللىق ھەربىي ئاشلىقنى يۆتكەش پىلانىنى بىللە تۈزەتتى. بۇ پىلان غەربىي شىمال مەمۇرى

مەھكىمىسى، گارنىزون بان شتاۋى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىنىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم ئىجرا قىلىناتتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە توشۇشقا كېتىدىغان چىقىملارنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بېرەتتى.

ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى يۆتكەش پىلانىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىلىرى ۋە ساقلاش - توشۇش باشقارمىسىغا قاراشلىق پونكىتلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىقنى مۇددەتكە ئايرىپ تەمىنات ئىدارىسىغا ئاجرىتىپ بېرەتتى. تەمىنات ئىدارىسى بەزى ۋاقىتلاردا كونكرېت ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ئاشلىقىنى ئۆزلىرى يۆتكەپ كېتىشكە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. بۇ ئىدارە ئۇزۇن يول ترانسپورتىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇلاق ترانسپورت باشقارمىسىنى قۇرغان ئىدى. قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 128 - بىرىگادىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى چىڭ چۇڭ بۇ باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. بۇ باشقارما ساقلاش - توشۇش باشقارمىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەمىنلەش پونكىتلىرىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن ھەربىي ئاشلىقىنى شىمالىي شىنجاڭغا توشۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ باشقارما ئۆز ماشىنىلىرىنى ئىشقا سالغاندىن تاشقىرى، سودىگەرلەر بىلەن پۇخرالارنىڭ قاتناش ۋاسىتىلىرىنىمۇ ئىجارىگە ئالاتتى.

2 . ھۆكۈمەت ئاشلىقى: شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پىرقە ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تەمىنلەيتتى. كارخانا، زاۋۇت ئورۇنلاردىكى خادىملار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. تولۇقلاپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆلكىلىك



ھۆكۈمەت تەستىقلايتتى. ئۆلكە، شەھەردىكى تەمىنلەشكە تېگىشلىكلەرنىڭ پىلانىنى مالىيە نازارىتى ئوتتۇرىغا قوياتتى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى تەمىنلەش كوپىراتىۋىغا يوللاپ بېرەتتى. ئۇلار ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئاشلىق ئاجرىتىپ بەرگەن يېرىدىن ئاشلىق ئېلىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلەيتتى. ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقىغا كەلسەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر تەمىنلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى شۇ ئورۇندىكى باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىشى توغرىسىدا تەستىق چۈشۈرەتتى. تەمىنات كوپىراتىۋى ئۆز ماشىنىسىدا ئاشلىق توشۇغاندىن تاشقىرى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن تاپشۇرۇپ ئالغان ئاشلىقىنى يۆتكەيدى.

3 . پۇخرالار ئاشلىقى: شىنجاڭدا پۇخرالار ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىق مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولسۇن ئۆزى سېتىۋالاتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەمىنلىمەيتتى. لېكىن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. بولۇپمۇ 1947 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئېغىر بولدى. كەمبەغەللەر ھۆكۈمەتتىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلدى. ئەكسىيەتچىلەر بۇنداق جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرسىتىش ۋە پۇخرالارنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئامبارلىرىدىن ئاشلىق ئاجرىتىپ، مۇقىم باھادا سېتىشنى يولغا قويدى. بۇ باشقارما شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىشىپ ئاشلىق پونكىتلىرىنى بەلگىلىدى ھەمدە كەمبەغەللەرنى تەك-

شۇرۇپ بېكىتىپ، تىزىملىك بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش گۇۋانامىسى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەلگىلەنگەن ئاشلىق پونكىتلىرىدىن بازار باھاسىدىن يېرىم باھا ئەرزان ئاشلىق سېتىۋالدى. ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى ئاشلىق پونكىتلىرىنى تۈگمەن ئۈنى بىلەن تەمىنلەيتتى. لېكىن مۇنداق مۇقىم باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرىش 1948-يىلىنىڭ قىش پەسلىدە بىر قېتىملا بولدى، شۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىش زادى بولمىدى.

## 6. دېخانلارنىڭ ئاشلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى

1. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى:

گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سودا-سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۆلكە ئىدى. ناھىيىلەردىكى چوڭ-كىچىك پومىششىكلارنىڭ ھەممىسى يىللىقچى تۇرغۇزاتتى. بۇنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن مەن بارغان ناھىيىلەردىكى چوڭ-كىچىك پومىششىكلار ئادەتتە 3-5 گىچە يىللىقچى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى دېخانچىلىق ۋە ئائىلە ئەمگىكىگە سالاتتى. يىللىقچى كۆپ بولۇپ، ئۇلار بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. پومىششىكلار تېرىيالمىغان يەرلىرىنى يەرسىز ياكى ئازراق يېرى بار دېخانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. دېخانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە، شەھەردىكى جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يېزىلارغا



بېرىپ پومىششىكلارنىڭكىدە كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيتتى. بەزىدە 10-20 گىچە ئادەم ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ پومىششىكلارنىڭ زىرائەتلىرىنى كوتىرەگە ئېلىپ ئوراتتى. بۇلارنىڭ تامىغىنى پومىششىكلار بېرىدىغان ۋە مو بېشى بويىچە ھىساپلاپ ھەق بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئەمەلىيەتتە پومىششىكلار سىنىپىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئىدى. پومىششىكلار ياللانما دېخانلارغا ئانچە-مۇنچە پۇل بېرەتتىكى، ئاشلىق بەرمەيتتى. ئورتاقچىلار پومىششىكلارغا توختام بويىچە ئىجارە تۆلەيتتى. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق 2 خىل ئىدى:

(1) پۈتۈنلەي كوتىرە ئىجارىگە بېرىش: چوڭ پومىششىكلار دېخانچىلىق قىلماي شەھەرلەردىلا تۇراتتى ۋە سودا-سېتىق ھەم باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېرىنىڭ ھەممىسىنى دېخانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. دېخانلار خامان تېپىپ بولغاندىن كېيىن يەر بېجى تۆلىگەننىڭ سىرتىدا، پومىششىكلارغا ئاشلىق تاپشۇراتتى، يەنى پومىششىكلار نەق مەيدانغا بېرىپ ئاشلىق ئۈستىدە تۇرمايتتى، شۇڭا بەزى ئەمگەك كۈچى يوق كىچىك پومىششىكلار مۇشۇنداق ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى.

(2) ئايرىپ ئىجارىگە بېرىش: ئائىلىسى يېزىدا تۇرۇشلۇق پومىششىكلار ئىجارىگە بېرىش توختىمى بويىچە، يەر بېجىنى تەڭ ئۈستىگە ئالاتتى ۋە خامان ۋاقتىدا نەق مەيداندا تۇرۇپ ئاشلىق بولۇپ بېرەتتى. ئورتاقچى دېخانلار ئاشلىقنىڭ 60% نى يەر ئىجارىسىگە تۆلەيتتى.

2. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دېخانلارنىڭ تۇرمۇشى:

شىنجاڭ سودا-سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان يېزا ئىگى-

لىك ئۇلكىسى بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا پومېشچىكلار تېرىلغۇ يەر ئارقىلىق دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن سوداـسېتىق ھايانكەشلىكىنى يۈرگۈزەتتى. ئۇلار گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ بيۇروكرات ئەمەلدارلىرى ئىدى. مەسىلەن: ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شې بىڭ جې، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ زىخىڭ، جىمسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كۇڭ چىڭۋېن، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ما × × قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چوڭ پومېشچىكلار ئىدى.

ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئاشلىق سىياسىتىنى ئىگىلىۋېلىپ ئاشلىق قەرزىنى ئارقىغا سۈرۈپ تاپشۇرمايتتى. ئۇلار، دېھقانلار ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قارشى چىقتى دېگەننى بانا قىلىپ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاشلىق قەرزى بولغاچقا باھاغا قوشۇپ بەرگەن پۇلمۇ كۆپ بولاتتى. شۇڭا ئۇلار يۇقۇرىنى ئالداپ تۆۋەننى بېسىپ پۇلنى ئۆز يانچۇقىغا سالاتتى. دېھقانلار بولسا پومېشچىكلارنىڭ غالچىلىرى بولغان باۋجاڭلارنىڭ مەجبۇرلىشى، تەھدىت سېلىشى بىلەن ئاشلىق تاپشۇراتتى. شۇڭا يىل بويى ئىشلىگەن دېھقانغا ھېچ نەرسە قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق باھاسى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ تاپشۇرىدىغان بېجى ئېغىر بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ يۈكى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى، بۇنىڭ بىلەن يېرى ئاز دېھقانلار يەرلىرىنى سېتىپ ياللانما دېھقانلارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى بولمىغاچقا، تىرىكچىلىك قىلىش ۋەجىدىن شەھەرلەرگە ئېقىپ كېلىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى.



1947 ـ يىلىدىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تېرىلغۇ يەرلەر بارغانسىرى مەركەزلىشىپ خۇددى تارىختىكى ”ھاياتىم جاپا بىلەن ئۆتتى، جېنىمغا پاتتى“ دېگەن مۇڭـزارلىق كۆرۈنۈشنى ئەسلىتەتتى. 1947 ـ يىلىدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ھەركىتى پارتلىدى.

3 . شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئاشلىقنى قوغداش ھەركىتى: ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى يۈرگۈزگەن ئاشلىق سىياسىتى ھەربى، مەمۇرى ئورۇنلارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان بولغاچقا، ئاشلىق سېلىقىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن تەمىنلەش تەلىۋىنى ئورۇنلىغىلى بولاتتى. بۇنداق شىلىۋېلىش دېھقانلاردا كەسكىن قارشىلىق پەيدا قىلغان ئىدى.

1947 ـ يىلى ئاشلىق تەمىنلەشتە جىددىيلىك يۈز بەرگەندە گەنسۇدىن شىنجاڭغا ئاشلىق يۆتكەش تەدبىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ساقلاش ـ توشۇش باشقارمىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇزۇندىن توشۇلمايۋاتقان ئاشلىقنى ئېنىقلاپ توشۇتماقچى بولدى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ بىر مۇنچە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خادىملار، باۋجاڭ، جاجاڭلار بىلەن بىرلىكتە يېزىلارغا بېرىپ قېپقالغان ئاشلىقنى يىغىۋېلىشقا ھەركەت قىلدى. (بۇنىڭ كۆپ قىسمى شىڭ شىسەي دەۋرىدىن قالغان قەرز ئاشلىق ئىدى.) بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن قاتتىق قوللۇق سىياسەت ئىدى.

(1) ئورا قېزىش بىلەن ئورا قېزىشقا قارشى تۇرۇش:

ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى 1946 - يىلى يىغىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ كەم بولۇشى ۋە شىمالى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تەمىنلىشىدە جىددىيەتلىك يۈز بېرىشتەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، سېلىق يىغىۋېلىش ۋە سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن تەڭپۇڭلۇق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار ھەر قايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ ئاشلىق خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملار باۋجاڭ، جاجاڭ ۋە پومىششىك - باي دىخانلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ دىخانلارغا ئاشلىق سېتىپ بېرىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش توغرىسىدا نەسىھەت بېرىشكە دەۋەت قىلدى ھەم سېتىۋالغان ئاشلىققا ۋاقتىدىلا نەق پۇل بېرىپ كۈچىنىڭ بېرىچە ئاشلىق سېتىۋالدى.

1947 - يىلى يازلىق يىغىم باشلانغاندىن كېيىن، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم ئاجراتتى. ئۇلار چوڭ كۈرە بىلەن ئاشلىق ئېلىپ كىچىك كۈرە بىلەن ئۆلچەپ دىخانلارنى قاقتى-سوقتى قىلدى. بۇنداق قاتمۇ-قات ئېكسپىلاتاتسىيە دىخانلارنى ئاچ-يالىڭاچلىق گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى. شۇڭا شىمالى شىنجاڭدىكى گۈچۈڭ، جىمىسار، فۇكاڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى دىخانلار ئارقا-ئارقىدىن ئورا قېزىپ، يەيدىغان ئاشلىقىنى يوشۇرۇپ قويدى. لېكىن ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى باۋجاڭ، جاجاڭلارنىڭ مەخپى مەلۇمات بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن غەربى شىمال مەمۇرى ھەكىمىسىنىڭ



ئاشلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنى چەكلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يېزىلاردا ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ يوشۇرۇپ قويغان ئاشلىقلارنى تاپتى. ئۇ جەرياندا بىر مۇنچە پاجىئەلىك ئىشلار كۆرۈلدى، ھەتتا قامالغانلارمۇ بولدى. شۇنداقتىمۇ بەزى دىخانلار ئورىدىكى ئاشلىقنى كېچىلەپ يۆتكەش ۋە بەزىلىرى قاراڭغۇ بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋال 1949 - يىلغىچە داۋاملاشتى. مانا بۇ، شىمالى شىنجاڭدىكى ئاشلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئىدى.

(2) مەجبۇرلاش بىلەن مەجبۇرلاشقا قارشى تۇرۇش:

1947 - يىلى شىمالى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئاشلىق جىددىيەتچىلىكىنى تۈگىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۈچۈن ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. يەنى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان توشالماي قالغان ئاشلىقلىرىنى توشۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئاشلىقنى توشۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى خادىملار باۋجاڭ، جاجاڭلار بىلەن بىرلىكتە ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ ئاشلىق توشۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاشلىق توشۇغۇچىلار قېچىپ كەتسە تۇتۇۋېلىپ يەنىمۇ مەجبۇرلىدى، ھەتتا باغلاپ قاماپ قوياتتى. بۇ، پۇخرالارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېپىل بولغۇچىلار بىلەن بىللە قېچىپ كېتەتتى، بەزىلىرى ھەپسىگە كىرىشكە رازى ئىدىكى ئاشلىق تاپشۇرمايتتى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، شۇ چاغدا كىرا ھەققى ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە بېرىلەتتى. بۇ بازار باھاسىدىن تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئاشلىق توشۇغۇچىلارنىڭ قايتىش خىراجىتى بېرىلمەيتتى. ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىرا ھەققى بازار باھاسى بويىچە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مال باھاسى ئۆچقانداك ئۆرلەپ پۇل پاخاللىشىۋاتقان چاغدا، بۇ كىرا ھەققى قولغا تەككىنى بىلەنمۇ خىراجەتكە يەتمەيتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق توشۇش ئالۋىڭىنى كۆپۈنچە دېخانلارغا چاچقانلىقتىن، تەبىئىكى بېسىم ئېغىر بولۇپ، دېخانلارنىڭ ئۆزىنى تولەشكە قۇدرىتى يەتمەيتتى. شۇڭا ئاشلىق توشۇشقا قارشى تۇرۇش ھەركىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ قاتتىق قوللۇق سىياسەتنى پەسەيتىش، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا جىددىي مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كوزدە تۇتۇپ، ئېنىقلاش خىزمىتى 1948 - يىلى بوشاشتۇرۇلدى ۋە توشۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى خادىملارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قايتۇرۇپ كېلىندى ھەمدە بۇ گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق سېلىقى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يوتكەش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى چوڭ قاتتىق قوللۇق سىياسىتى بولۇپ، بۇ سىياسەت نۇرغۇن دېخانلارنى ۋەيران قىلدى، بەزىلەر ھەتتا ئوغۇل - قىزلىرىنى سېتىپ يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ سىياسىي ئامىللارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەكسىيەتچىل سىياسەت بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان ئىدى.



# «ئالتاي نەشرىياتى» ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئەسلىمە

خېۋىر تۆمۈر

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ تەكلىۋى بىلەن مەسئۇت سەبرى، مەتتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگ قاتارلىق ئۈچ كىشى چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى، شۇ ۋاقىتتىكى ئولكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنى شىمالى دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي مەكتەپ بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كۈتىۋالدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى، زىيالىلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بېرىپ ئۇلار بىلەن كورۈشتى، ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرغان نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا كوپچىلىك بۇ كىشىلەرنى "ئۈچ ئەپەندى" دەپ ئاتاشقان ئىدى.

بۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالى تۆۋەندىكىچە:

مەسئۇت سەبرى، شىنجاڭ غۇلجىلىق، ئۇيغۇر. ئېھتىمال 1933 - 1934 - يىللىرى بولسا كېرەك، شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزىۋالغىنىغا نارازى بولۇپ، بىر قانچە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ موسكىۋا ئارقىلىق تۈركىيىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ كىشى تۈركىيىدىن ئۆز ۋەتىنىگە
قايتىپ كەلگەن.

مەمتىمىن ھەزرەت، شىنجاڭ خوتەنلىك، ئۇيغۇر.
1933 ـ يىلى ئىنىسى شامەنسۇر بىلەن بىرلىكتە خوتەندە قوز ـ
غىلاڭ كۆتۈرۈپ "خوتەن ھۆكۈمىتى" قۇرغان. 1934 ـ يىلى
ئەتىيازدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىنىپ قەشقەر يېڭىسارغا كەلگەندە، خوتەن قىسىملىرى ئۇلار ـ
نى توساپ ئۇرۇش قىلىدۇ. يېڭىساردىكى ئۇرۇشتا شامەنسۇر
ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئافغانىستانغا قېچىپ
كېتىدۇ.

ئەيسا بەگ، قەشقەر يېڭىسارلىق، ئۇيغۇر. ئۇ كىچىكىدە
خەنزۇچە ئوقۇغان، ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن يېڭىسار ناھىيە ـ
لىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان بولىدۇ. كېيىن يېڭىسارنىڭ ئامبىلى
چىن دىيلى جۇڭگونىڭ ئەنجان ۋە تاشكەنتتە تۇرىدىغان كونـ ـ
سۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەندە ئەيسا بەگ ئۇنىڭ بىلەن بىللە
بېرىپ كونسۇلخانىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ. 1931 ـ يىلى چىن
دىيلى شىنجاڭغا قايتقاندا ئەيسا بەگ ئائىلىسىنى شىنجاڭغا
قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزى ئەنجىنگە كېتىدۇ، ئۇ، تاشكەنتتە تۇرغان
مەزگىللەردە ئۆزبېكىستاندىكى مىللەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ
مۇئەييەن تەسىر يۇقتۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى ئەنجىنـ ـ
گە بارغاندىن كېيىن مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1933 ـ يىلى ئەيسا بەگ، لوۋبىنگەن بىلەن بىرلىكتە
ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇ كىشىنى شىنجاڭدا
قېلىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ، ئۇنىڭغا كونىمەسـ ـ
تىن ئەنجىنگە كېتىۋالىدۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن شىنجاڭ گېزىتى
"ئەيسا بەگ ۋە ئەيسا بەگچىلەرگە قارشى تۇرايلى" سەرلەۋھىلىك



بىر ماقالا ئېلان قىلىپ ئەيسا بەگنى قاتتىق تىللايدۇ. شۇ
ماقالا ئارقىلىق كىشىلەردە ئەيسا بەگ دېگەن قانداق ئادەمدۇ
دەيدىغان بىر تەسىر قالغان ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن،
1937 ـ يىلى گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى 19 ئىسلام دۆلەت ـ
لىرىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. ئەيسا بەگ بۇ ئۆمەكنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بارىدۇ. بۇ ئۆمەك تۈركىيىگە بارغانـ ـ
دا مەسئۇت ئەپەندىنى، ئافغانىستانغا بارغاندا مەمتىمىن ھەزرەت ـ
نى ئۇچراشتۇرىدۇ ھەم ئۇلارنى ۋەتەنگە قايتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.
ئۇ ئىككىسىمۇ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى
ئۇلارنى ئەنجىنگە ئېلىپ كېلىپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
مەسئۇت ئەپەندىنى تەپتىش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، مەمتىمىن
ھەزرەت بىلەن ئەيسا بەگنى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى
قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىـ ـ
تى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ ئۈچ ئەپەنـ ـ
دى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار ئائىلىلىرىنىمۇ كۆچۈرۈپ
چىققان ئىدى. مەسئۇت ئەپەندى شىنجاڭ تەپتىش مەھكىمىسىـ ـ
نىڭ باشلىقى بولدى. قالغان ئىككىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ھەيئىتى بولۇپ ئورۇنلاشتى.

ئەيسا بەگ بىلەن ئىمىن ھەزرەت ئىككىسى ئائىلىسى
بىلەن ياڭخاڭ تەرەپتە ئولتۇراتتى. ئەيسا بەگ بىر ئېغىز مېھـ ـ
مان كۈتۈش ئۆيىگە تۈركىيىدە بېسىلغان نۇرغۇن كىتاب ـ ژۇر ـ
ناللارنى تىزغان ئىدى. ئىمىن ھەزرەتنىڭ ئۆيىدىمۇ كىتاب ـ
ژۇرناللار بار ئىدى. ئەمما سان جەھەتتىن ئاز ئىدى. ئۇنىڭ

ئۆيىدىكى كىتاپلارنىڭ تولىسى تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈرگەن ۋاقىتلاردا نەشر قىلغان «ئالتاي» مەجمۇئەسىنىڭ توپلاملىرى، شۇنىڭدەك ئۆزى يازغان «تۈرك تارىخى»، «ئوتتۇرا ئازىيا تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى زىيالىي ياشلار بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە هەر ۋاقىتتا كىرىپ كورىشەلەيتتى ۋە سوزلۇشۇپ هەر خىل كىتاپ ـ ژورناللارنى كورەتتى. ئۇلار بىلەن تارىخ، پەننى بىلىم ۋە دۇنيا ئىسلام دولەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەهۋاللىرى توغرىسىدا سوهبەتلىشەتتى. شۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى هەر مىللەت زىيالىي ياشلىرىنىڭ كورىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن «سەنمىنجۇيى» كىتاۋىدىن باشقا هىچقانداق كىتاۋى يوق ئىدى. شۇڭا زىيالىلار ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىر مۇنچە يېڭى كىتاپلارنى كورەلىگەنلىگىگە خېلىلا رازى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىلىرى ئاسانلا بۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ تەسىرىگە ئۈچرىغان ئىدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىمىن هەزرەت بىلەن ئەيسا بەگ ئىككىسى ئالتاي نەشرىيات ئىدارىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كوپلىگەن زىيالىلار بۇ تەشەببۇسنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

1946 ـ يىلىنىڭ 5 ـ ئايلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش هەيئىتى تەسىس قىلىندى. ئەيسا بەگ بۇ نەشرىياتنىڭ مۇدىرى بولدى، ئىبراهىم مۇتىئى بىلەن سالىس مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. باش مۇهەررىرلىككە ئىمىن هەزرەت، مۇئاۋىن باش مۇهەررىرلىككە پولات قادىر قاتارلىقلار تەيىنلەندى. هەيئەتلىرى 80 دىن ئارتۇق ئىدى.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ هوكۇمىتى ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا



11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك هوكۇمەت ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك هوكۇمەت رەئىسلىگىنى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەهمەتجان قاسىمى ۋە بۇرهان ئەپەندىلەر تەيىنلەندى. بۇ چاغدا ئالتاي نەشرىياتى يىتىم هالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەسلىدە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ۋە هىمايە قىلغان نۇرغۇن زىيالىلار ئالتاي نەشرىياتىدىن چەتنەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى يولىنى تاللىۋالدى. ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش هەيئىتىدە پەقەتلا ئىبراهىم مۇتىئى، پولات قادىرى، ئوتكۇر، ئابلا نامان، خېۋىر تومۇر قاتارلىق كىشىلەر ۋە بىر قىسىم ياشلار بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەرلا قالدى. يېڭى ئۆلكىلىك هوكۇمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمىن هەزرەت ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئەيسا بەگ ئۆلكىلىك هوكۇمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا هەر ساهەدىكى زاتلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئالتاي نەشرىياتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئوتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا 20 دىن ئارتۇق هەيئەت ۋە دائىمى هەيئەتلەر سايلاندى. مەسئوت سەبرى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ پەخرى رەئىسلىگىگە، ئەيسا بەگ ئالتاي نەشرىياتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مۇتىئى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا؛ ئىمىن هەزرەت باش مۇهەررىرلىككە، پولات قادىر بىلەن ئوتكۇر ئىككىسى مۇئاۋىن مۇهەررىرلىككە سايلاندى هەمدە ئالتاي نەشرىياتىنىڭ نىزامنامىسى تەستىقلاندى، بۇ بىر ئىجتىمائى تەشكىلات بولۇپ، ئۆلكىلىك هوكۇمەت تەستىقلىغان ۋە ئېتىراپ قىلغان نەشرىيات ئىدى. نەشرىيات قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ هوكۇمەت ئىدارىلىرىدىن ئىئانە توپلىدى. يەنە بىر قىسمى سودا ـ تىجارەتچىلەردىن ئىئانە توپلىدى. نەتىجىدە بىر

قىسمى دەسمايە توپلاپ قورا-جاي سېتىۋالدى ھەمدە بىر يۇرۇش تاش مەتبە ۋە قەغەز سېتىۋېلىپ ئىشقا كىرىشىش نەتىجىسىدە «ئالتاي» ژورنىلىنىڭ 1-سانىنى 8-ئايدا بېسىپ تارقاتتى. بۇ نەشرىيات يەنە كىچىك دىنى بىراشۇرىلارنىمۇ بېسىپ تارقاتقان ئىدى.

1946-يىلىنىڭ 8-ئايلىرىدا ئەيسا بەگ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ سەنمىنجۇيىچى ياشلارنىڭ لۇشەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا كەتتى. ئالتاي نەشرىياتىدىكى مۇتىئى ۋە پولات قادىرلارمۇ شۇ يىغىنغا كەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا نەشرىيات ئىشلىرىدا مەن بىلەن ئابلا نامان ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. مەن تەھرىر بولۇمىدە، ئابلا نامان خوجۇلۇق بولۇمىدە ئىدى. ئوتكۇر ئۇ چاغدا لەنجۇدىن تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. بىز باش مۇھەررىر ئىمىن ھەزرەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ژورنالنىڭ 2-سانىنى چىقىرىشقا تەييارلىناتتۇق.

باش مۇھەررىر ئىمىن ھەزرەت بىلەن ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئەھمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەر ئالتاي نەشرىياتىغا غەمخورلۇق قىلاتتى، شۇنىڭدەك بىزنىڭ نەشرىياتىمۇ ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ تەشۋىقات ماتىرىياللىرىنى بېسىپ بېرەتتۇق.

1946-يىلى 11-ئايلارنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدىن بارغان ياشلار ئومىگىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئەيسا بەگ قورچاق گومىنداڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭدە قالغان ئىدى. مۇتىئى



ۋە باشقا ۋەكىللەر كېلىپلا ئالتاي نەشرىياتى خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. چەتتىن قايتىپ كەلگەن ئابلىز چىڭگىزخان داموللىمۇ ئالتاي نەشرىياتى خىزمەتلىرىگە قاتناشتى، ئۇ كىشى مۇئاۋىن باش تەھرىر بولغان ئىدى. چىڭگىزخان داموللا بۇگۈرلۇك بولۇپ، 1932-يىللىرى چەتكە ئوقۇشقا چىقىپ ھىندىستان، ئەرەپ يېرىم ئارىللىرى ئارقىلىق مىسىرغا بېرىپ، ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ «ئۇيغۇر سەرپ-نەھۋى» قاتارلىق بىر قانچە ئەسەرلەر يازغان.

قورچاق خەلق قۇرۇلتىيى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەيسا بەگ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئالتاي نەشرىياتى خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولۇپ، نەشرىيات قارمىغىدا «ئەرك» گېزىتى نەشر قىلىنىماقچى بولدى. مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق «ئەرك» گېزىتىنىڭ بېشىغا "ئېرقىمىز تۈركتۇر، دىنىمىز ئىسلام، يۇرتىمىز تۈركىستاندۇر" دەيدىغان ئۈچ جۈملە شۇئار يازماقچى بولدۇق. 1947-يىلى يازدا «ئەرك» گېزىتى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەيسا بەگ نەنجىڭدە قورچاق گومىنداڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان مەزگىلدە شاڭخەيدىن بىردانە مەتبە ماشىنىسى سېتىۋالغان ئىدى. بۇ ماشىنا 1947-يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىندى. مۇتىئى ئۈچ كۈن ئىشلىشىپ بۇ ماشىنىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى ھەمدە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىن بىر قانچە يۈز كىلو مىقداردا بىر گېزىتلىك قوغۇشۇن ھەرپ قەرز ئېلىپ، «ئەرك» گېزىتىنى مىق مەتبەدە نەشر قىلدۇق. «ئالتاي» مەجمۇئەسى يەنىلا تاش مەتبەدە بېسىلاتتى.

1947-يىللىرى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ئادىمى ئەڭ كوپ بولغان ئىدى. مىق مەتبە ۋە تاش

مەتبەگە ئون نەچچە نەپەر ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىلدى. تەھرىر
بولۇمىدە ئوتكۇر، ساتتار مۇخبۇل (ھازىر غەربى گېرمانىيىدە)،
رەھمىتۇللا جارى (ھازىر شىنجاڭ ئەدىبىيات - سەنئەتچىلەر بىرـ
لەشمىسىدە)، رەۋەيدۇللا (ھازىر شىنجاڭ داشۆبىدە) قاتارلىقلار بار
ئىدى. شۇنىڭدەك بوغالتىر ۋە كاسسىرلىق قىلىدىغان خادىمـ
لارمۇ بار ئىدى.

ئالتاي نەشرىياتىنىڭ دائىرىسى چوڭ، ئادىمى كوپ بولـ
غان يەردە ئىقتىسادى مەنبەئىسى قەيەردىن كېلەتتى؟ بۇ بىر
چوڭ مەسىلە ئىدى. بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر
قانچە قېتىم ئادەم تەشكىللەپ ھوكۇمەت ئىدارىلىرىدىن، ئۈرۈمچى
شەھرىدىكى سودا - تىجارەتچىلەردىن ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى
يۈرگۈزۈپ، بىر قىسىم دەسمايە توپلىغان بولساقمۇ، بۇ دەسمايە چىـ
قىمنى قامدىيالمايتتى. شۇڭا بىز ئامال قىلىپ سەنمىنجۇيىلىق
ياشلار ئومىگىنىڭ خىراجىتىدىن پايدىلىناتتۇق. ئالتاي
نەشرىياتىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارـ
نىڭ تولىسى سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئومىگىدىن مائاش ئالاتتى.
بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قىسمەن قىيىنچىلىق ھەل بولغان ئىدى.
مەسئوت ئولكە رەئىسى، ئەيسا بەگ ئواكىلىك ھوكۇمەتـ
كە باش كاتىپ بولغاندا بۇ ئىككىسى تەرەپتىن ئالتاي
نەشرىياتىغا پۇل ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ ياردەم بېرەتتى. ئىمىن
ھەزرەت تەمرات نازارىتى تەرەپتىن ياردەم قىلاتتى. بۇنىڭدىن
تاشقىرى ئالتاي نەشرىياتى ئوز ئالدىغا بىر دۇكان ئېچىپ
تىجارەت يۈرگۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەشرىياتنىڭ كىنو
قويۇش ئەترىتى بولۇپ ئۈرۈمچىدە كىنو قويۇپ كىرىم قىلاتتى.
كىنو قويۇش ئەترىتى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىر قانچە فىلىمغا



ئىگە بولغان ئىدى. بۇ فىلىمنى قايسى فىلىم شىركىتى بەرگەنـ
لىگى نامەلۇم. ئەمما نەشرىيات ھەق تولىمەي كىنو قويۇپ
كىرىم قىلاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە باسما زاۋۇتىنىڭ كىرىمى
بولاتتى. بۇ تىجارەتلەر ئارقىلىق ئالتاي نەشرىياتى بارغانسېرى
بېيىغىلى باشلىدى.

1947 - يىلى ئالتاي نەشرىياتى شاڭخەي "يۇڭشياڭ كىتاپ
نەشرىياتى" غا ھاۋالە قىلىپ مالايشىيادىن بىر يۇرۇش ھەرپ
قېلىپى زاكاز قىلىپ ئالدۇرۇپ، ھەرپ كامچىل بولۇشتەك قىيىنـ
چىلىقنى ھەل قىلدى.

ئالتاي نەشرىياتى «ئالتاي» مەجمۇئىسى، «ئەرك» گېزىتى
قاتارلىقلارنى نەشر قىلغاندىن تاشقىرى باشقا ئورۇنلارنىڭ، مەسىـ
لەن، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمىيىتىنىڭ «ئورنەك» قاتار -
لىق ماتېرىياللىرىنى بېسىپ بېرەتتى. «ئالتاي» مەجمۇئىسى
بىلەن «ئەرك» گېزىتى ئۈرۈمچى شەھرىدە تارقىتىلغاندىن تاشقىرى
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە، نەنجىڭ،
شاڭخەي، تيەنجىن، لەنجۇلەردىكى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىغا ھەم
ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيەدىكى يۇرتداشلارغا ئەۋەتىلەتتى.

## دەرنەك

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى تارىخ
تەتقىقات ئىلمى جەمىيىتى تەسىس قىلىپ، ئۇنى تارىخ - جۇغراـ
پىيە تەتقىقاتى ۋە تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى دەپ ئىككىگە
ئايرىدى. بۇ ئىلمى جەمىيەتكە مەسئوت سەبرى، ئىمىن ھەزرەت،
ئەيسا بەگ قاتارلىقلار باشلىق، مۇتىئى بىلەن چىڭگىزخان دامولللار

مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. ھەر بىر گۇرۇپپا 15 كىشىدىن تەركىپ تاپتى. بۇ ئىلمى جەمىيەتكە ئابلىز مەخسۇم، ئەسئەدۇللا داموللىمۇ قاتناشقان ئىدى.

بۇ ئىلمى جەمىيەتنىڭ يېتەكچىلىگى ئاستىدا دەرنەك كونفېرېنسىيەسى بارلىققا كەلدى. «دەرنەك» سوزى سوھبەت، دوكلات (كونفېرېنسىيە) مەناسىدا بولۇپ، بۇ ئىشنى مۇتىئى تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ ئورنى ئۇرۇمچى مەركىزى ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا بولاتتى. بەزىدە قازاق ـ قىرغىز مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدىمۇ ئوتكۇزۇلەتتى. دەرنەك ئولتۇرىشى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوتكۇزۇلۇپ، ئاددى سوغۇق يىمەكلىكلەر تەييارلىناتتى. ھەر مىللەت زىيالى ياشلىرى ۋە ئەدىبى ـ سەنئەتچىلەر تەكلىپ قىلىناتتى. دەرنەككە كوپىنچە ئۇيغۇر، ئۇزبەك، تاتار زىيالىلىرى قاتنىشاتتى. ھەر قېتىم دوكلات بەرگۇچىگە ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىناتتى. دوكلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ناخشا ئېيتىلىپ، ئۇسۇل ئوينىلاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە مەسئوت سەبىرى بىر قېتىم بەرگەن دوكلادىدا "ئالتاي" سوزىنىڭ مەناسىنى يېشىپ، ئالتاي سوزى "6 ئاي" ئەمەس، "ئۇزاق" دىگەن سوز دەپ ئىزاھلىغان ئىدى. ئىمىن ھەزرەت بىر قېتىم ئاتوم بومبىسى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى توغرىسىدا؛ ئىبراھىم مۇتىئى ئۇلۇغ شائىر ناۋائى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا؛ بۇرھان ئەپەندى سىبىرىيىدىكى تۇرك مىللەتلىرى توغرىسىدا دوكلات بەرگەنلىگى ئېسىمدە. دەرنەكنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا شېئىر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ھەر كىم يازغان شېئىرىنى ئوزى دىكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى. شۇ مەيداندىلا 1 ـ 2 ـ 3 ـ دەرىجىلىكلەرنى باھالاپ مۇكاپات بېرىلەتتى.



شۇ ۋاقىتتا بىر قانچە شائىرلار ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى ئالغانلىغى ئېسىمدە. مۇكاپات ماتېرىياللىرى ئىچىدە شۇۋىتسارىيە سائىتى. پاركىر قەلەملىرى (ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن قەلەم) بار ئىدى، بۇ مۇكاپات بۇيۇملىرى ئەسلىدە سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئومىگىدىن قېپقالغان بولۇپ، ئەيسابەگ بۇ نەرسىلەرنى دەرنەك كونفېرېنسىيەسىگە ئىشلەتكەن. دەرنەكنىڭ ئەڭ گۇللەنگەن ۋاقتى 1948 ـ يىل ئىدى. 1949 ـ يىلى ئولكىلىك ھوكۇمەتتە ئوزگىرىش بولغاندىن كېيىن دەرنەك كونفېرېنسىيەسى ئاخىرلىشىشقا باشلىدى.

## ئالتاي نەشرىياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى (شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ئارپىسىدا) ئالتاي نەشرىياتى ئوز كەسپىنى توختاتتى. ئەيسابەگ ۋە ئىمىن ھەزرەت باشچىلىغىدا بىر تۇركۇم كىشىلەر چەتكە قاچماقچى بولۇپ ئالتاي نەشرىياتىنىڭ بارلىق مال ـ مۇلكى، مەتبە ماشىنىسى، قوغۇشۇن ھەرپ، ھەرپ قېلىپى، قەغەز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەلئەت يايغا ساتتى. نەشرىياتنىڭ قوراسىنى ئىبراھىم مۇتىئىگا سېتىپ بەردى. بىز چەتئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئوتىگەندىن كېيىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنى ۋە 21 ـ كۇنلىرى ئىككى تۇركۇم بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قاراپ ماڭدۇق. بىزدە بىر دانە كىچىك جىپ، بىر دانە بىر يېرىم توننىلىق ماشىنا، بىر دانە دادوجى ماشىنا (دادوجى ماشىنىنى ماچىڭشياڭ بەرگەن ھەربى ماشىنا ئىدى) دىن ئىبارەت جەمى ئۇچ دانە ماشىنا

بار ئىدى، بىز قەشقەرگە بارغاندا بۇ ماشىنىلارنى سېتىپ پۇل قىلدۇق.

شۇ نۇۋەتتە ماڭغانلار: مەتىمىن ھەزرەت ئائىلە تاۋاباتى بىلەن 6 جان؛ ئەيسا بەگ ئائىلىسى بىلەن 5 جان؛ بۇنىڭدىن باشقا پولات قادىر، ھاجى ياقۇپ، ئوتكۇر، خېۋىر تومۇر، مۇستاپا، رازىيە قاتارلىق 20 نەچچە كىشى بار. يەنە شۇ قاتاردا ماڭغانلاردىن: قۇربان قوداي (يالقۇن گېزىتىنىڭ مۇدىرى)ئائىلىسى بىلەن 4 جان؛ نىياز 4 جان؛ ئابدۇرۇپ دوختۇر 9 جان؛ ئابدۇقادىر سامانى 5 جان؛ مۇنەۋەر خوجا 7 جان؛ توغرول 4 جان؛ ئوشۇر شەنجاڭ (ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ شەنجاڭى) ھەم ئۇنىڭ ئىنىسى ھوسۇيىن ئاخۇن ۋە باشقىلار. بۇ كىشىلەر ئالتاي نەشرىياتى تەۋەسىدە ئەمەس ئىدى. بۇلار يول خىراجىتىنى ئۆزلىرى چىقىم قىلاتتى. بىز ھەممىمىز جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا بارغاندا بەزەنلىرى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى، بەزەنلىرى قايتىپ كەلدى. بىز بىر تۈركۈم ياشلار ۋەتەندىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي ئەيسا، ئىمىنلاردىن مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈپ، ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدۇق.

## خان تەڭرى ژورنىلى

1946 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا ئالتاي نەشرىياتى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا بىر تۈركۈم زىيالى ياشلار خان تەڭرى نەشرىياتىنى قۇرۇپ چىقتى. مۇدىرلىقىغا ئىبراھىم تۇردى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سالىس تەيىنلەندى. ئورنى نەنلياڭ جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بۇ ژورنالنىڭ تەھرىر بولۇمىگە شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر زىيالىلاردىن ئابلىمىت مەخسۇتوپ، نۇر



سادىروپ، ھېمىت سۇلتان قاتارلىقلار قاتناشقان ئىدى. شۇ يىلى خان تەڭرى ژورنىلىنىڭ 1 ـ سانى نەشردىن چىقىپ پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە تارقىتىلدى، تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى. كېيىن بۇ ژورنال يەنە قانچە سان چىقتى، بۇ مېنىڭ خاتىرەمدە قالماپتۇ. 1947 ـ يىلى 6 ـ 7 ـ ئايلاردا 11 بىتىم بۇزۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن كەلگەن خادىملار بىلەن ياش زىيالىلارنىڭ ھەممىسى ئىلىغا قايتىپ كەتتى. شۇ قاتاردا خان تەڭرى نەشرىياتىمۇ ئىلىغا كەتكەن ئىدى.

## «يالقۇن» گېزىتى

1948 ـ يىلى قۇربان قوداي «يالقۇن» گېزىتىنى نەشر قىلدى. ئۆزى مۇھەررىر ئىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر دانە باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، بىر قانچە ئىشچى يالاپ ھەپتىدە ئىككى سان گېزىت چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسى ماقالىلىرى مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلاتتى. سوۋېتكە ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ئۇچۇقتىن ئۇچۇق قارشى تۇراتتى، سۆز ـ جۈملىلىرى ئىنتايىن قوپال ئىدى.

قۇربان قوداي خوتەن كېرىيىلىك بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا چەتئەلگە چىقىپ ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. تۈركىيىدە مەلۇم داشۆينى تۈگىتىپ 1946 ـ يىلى قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئوردۇ، ئەرەب تىللىرىغا پىششىق ئىدى. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئادەتتىكى ئىشلارنى ئىشلەيدۇ. كېيىن ئالتاي نەشرىياتىنىڭ تەھرىر بولۇمىگە كەلدى. ئەمما ئۇ كېلىپلا كەسكىن كۈرەش ئېلىپ

بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا زەربە بېرىشنى تەكىتلەپ تۇرىۋالدى. بىز ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، بىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا «يالقۇن» گېزىتىنى چىقاردى.

1949 - يىلى بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن «يالقۇن» گېزىتى نۆۋەتتىكى سىياسەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن «يالقۇن» گېزىتىنى ياپتۇرۇۋەتتى. ئەمما قۇربان قوداي بۇنىڭلىق بىلەن بوشاپ قالماستىن بىر ئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ «ئۇچقۇن» ناملىق گېزىت چىقاردى. شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇش ئارپىسىدا قۇربان قوداي ئائىلىسىدىكى 4 جاننى ئېلىپ ئەيسا، ئىمىنلارغا ئەگىشىپ قېچىپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىغا بارغاندا، ئۇ تەرەپكە ماڭماستىن قايتىپ كەلدى. 1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەركىتىدە قولغا ئېلىنىپ، تۇرمىغا قامالدى، كېيىن باستۇرۇلدى.

**新疆文史资料选辑（11）（维吾尔文）**

中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5.625印张
1983年9月第1版　1983年9月第1次印刷
印数：1—8,000

---

统一书号：M11098·126　　定价：0.34元
（内 部 发 行）